ئومۇمي 52-سان

2023 دېكابىر

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival





جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق

1



شى جىنپىڭنىڭ كۇلتۇرەل ئۇرۇشى

42



باللاردا سېخىيلىق يېتىلدۈرۈش

29

2023 دېكابىر

ئومۇمىي 52-سان

# ئۇيغۇرلار

ئايلىق ئونئۇھرسال ژۇرنال

**ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسى ئىچقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.**


باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.



**مەنبەسى ھەققدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**


6 009800 461091 >




**پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلىق**

**1962-يىلى ئاپرىل-2023-يىلى دېكابىر**

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ختايدا باش كۆتۈرۈۋاتقان
«ختاي ئىمپېرىيەچىلىكى»
مىللەتچىلىكى

ئابلىمىت قۇربان 35

## ختاي تەتقىقاتى

جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق

## خەلقئارا ۋەزىيەت

شى جىنپىڭنىڭ ختايدىكى
كۇلتۇرەل ئۇرۇشى

تالىباننىڭ ختاي ۋە باشقا
دۆلەتلەرنىڭ ئېتراپىغا
ئېرىشەلەش مەسىلىسى
ھەققىدە 37

## گۈلىستان

باللاردا سېخىيلىقنى قانداق
يېتىلدۇرۇش كېرەك؟















## تارىخ ۋە بىز

مانجۇلارنىڭ قەشقەرنى
بېسىۋېلىشتىن ئىلگىرىكى
ئەھۋالى ۋە چېگرا سىياسەتلىرى 14

## كۆڭۈل ۋە تەن

ئادىتىڭىز سالاھىيىتىڭىزنى
قانداق شەكىللەندۈرىدۇ؟ 56

كۇچىڭىز يەتمەيدىغان ئىشنى
ئۈستىڭىزگە ئالماڭ 84

## ساغلاملىق

تەن ساقلىقى ۋە يېزا-قىشلاق
ئاھالىسىنىڭ تېنى ساغلام
بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى 50

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ھىندىستانلىق گېنراللارنىڭ
ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سۆھبىتى 79

ئىلى ئاسمىنىدا چاقنىغان
ئۇنتۇلغان مەرىپەت يۇلتۇزى
جىرجىس ھاجى 90


خىتاي تەتقىقاتى
SPIES
جاسۇسلۇق
AND
ۋە
LIES
يالغانچىلىق
HOW CHINA'S GREATEST COVERT
OPERATIONS FOOLED THE W
'When Alex Joske speaks,
governments need to listen.'
MIKE GALLAGHER,
MEMBER OF US CONGRESS
ئالېكس جوسك
AL
JOSK

# 13 ـ باب: بۇددىزمنىڭ تەسىر كۆرسىتىش قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

<u>3. ھۆكۈمەت ۋە ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىدىكى خەۋپتىن قېچىش خاھىشى</u>

ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى «بايلىق» توپلىغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرى توپلىغان بۇ «بايلىق»لارنى قوغداش ئۈچۈن، سەزگۈر ئۇچۇرلارنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ساقلايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چەتئەل ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار ئەڭ سەزگۈر ھېسابلىنىدۇ. ئۇچۇرلارنى توپلاش ۋە قوغداش جەريانى ماھارەتتۇر، ئەمما شۇ ئۇچۇرلارنى قانداق ئورتاقلىشىش ۋە شۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت قىلىشنى بىلىش تېخىمۇ يۇكسەك ماھارەتتۇر. خىتايغا ئالاقىدار ئىستىخباراتلارنى ئورتاقلىشىش جەھەتتە، (ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى ئارىسىدىكى) بىكىنمىچىلىك كۈلتۈرى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈك خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بىمالال ئېلىپ بېرىلىشىغا شارائىت ھازىرلىدى.

ئۇچۇرلارنى ھەددىدىن زىيادە بۆلۈشۈۋېلىش (ئورتاقلاشقىلى ئۇنىماسلىق) ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆز ساھەسىدىكى باشقا ئاپپاراتلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئۇرۇنۇشلىرىغا ـــ مەسىلەن، CIA نىڭ FBI بىلەن ھەمكارلىشىشىغا ـــ توسقۇنلۇق قىلدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسى كاترىنا لياڭنى (Katrina Leung) مىسالغا ئالساق، بۇ خىل ھالەت سەۋەبلىك، ئۇ FBI نىڭ ئۇچۇر مەنبەسى سۈپىتىدە تەمىنلىگەن ـــ گاھىدا ئاقسارايغىچە يېتىپ بارغان ـــ ئۇچۇرلارنى پەرقلەندۈرۈش، ئايرىپ چىقىش ۋە ئۇلارغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئاساسەن مۇمكىن بولمىدى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» دىپلوماتلارنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى تەمىنلىگەن ساختا ئۇچۇرلارنى بىۋاستە ۋاشىڭتونغا يوللىشىغا «شارائىت» ھازىرلىدى.

تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، بۇ ئىستىخبارات تارماقلىرىنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە مۇداخىلە قىلىشنى خالىماس قىلىپ قويىدى ھەمدە سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى بۇ خىل ئەھۋالنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، خىتايدا تۇرۇۋاتقان دىپلوماتلار داۋاملىق «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا تايىنىۋەردى، ھالبۇكى بۇ دىپلوماتلار تەۋە دۆلەتتىكى بەزى ئىستىخبارات خادىملىرى «خىتاي ئىسلاھات

مۇنبىرى»نىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان نىقاب تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خادىملىرىمۇ بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇلمىغان بولسا، ئۇنداقتا نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنىڭ، پېنسىيەگە چىققان ئەمەلدارلارنىڭ ۋە شىركەت خوجايىنلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە ئاگاھلاندۇرۇلمىغانلىقىنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. گەرچە ئىستىخبارات تارماقلىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى بىلەن باردى-كەلدى قىلىۋاتقانلىقى بايقالغان كىشىلەر ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىغان ۋە دوكلات سۇنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما مەسىلە پېنسىيەگە چىققان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا، سىياسىيونلارغا ۋە شىركەت خوجايىنلىرىغا چېتىلغاندا، ئۇلار بۇنداق قىلىشنى خالىماي قېلىشىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەندىشىلەردىن بىرى «ئەگەر بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلسە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆز تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىۋېلىشى مۇمكىن» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. تېخىمۇ چاتاقلىق شۇكى، بەزىلەر «ئەگەر نامۇۋاپىق كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىپ قالسا، بۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنىشى، ھەتتا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قولىغا يېتىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇنداق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ» دەپ قارايتتى. يەنە بەزىلەرگە نىسبەتەن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى تەمىنلىگەن ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمىغۇدەك دەرىجىدە قىممەتلىك ئىدى.

ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدىكى خەۋپتىن قېچىش خاھىشى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە تۈزۈكرەك ئىنكاس قايتۇرۇلماسلىقىدىكى تېخىمۇ چوڭ ئامىلدۇر. ئەزالىرىنىڭ خىيال-تەپەككۇرلىرى تولىمۇ ئاستا ئۆزگىرىدىغان، ئورتاق تونۇش ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىدىغان ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا سىياسىي خوجىڭىزغا پايدىسىز قولغا ئېلىش ياكى پاش قىلىش قىلمىشىدىنمۇ خەتەرلىك ئىش يوق. ئامېرىكانىڭ بىر نەپەر سابىق ئىستىخبارات خادىمىنىڭ بىلدۈرگىنىدەك، «FBI نىڭ رەھبەرلىرى سىياسىي دېلولار بىلەن ھەپىلىشىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى بۇنداق دېلولارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم سىياسىيونلارنىڭ يېرىمىنىڭ خۇيىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ئىش چىقىدۇ.» چۈنكى، ئاساسلىق پارتىيەلەرنىڭ ھېچبىرى پىلانلىق تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىشنى خالىمايدۇ.(13) ئەنە شۇ تەرزدە، تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋېرەتتى. خىتاي كومپارتىيەسى دۇنيا مىقياسىدىكى سىياسەت، سودا ۋە ئاكادېمىيە ساھەلىرىدە ئۆزىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بۇ پائالىيەتلەرگە قارشى ھەرقانداق ئىنكاسنىڭ ئالدىنى ئالغانىدى.

يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى ئۆزۈندىن بۇيان ئوچۇق مەنبەلىك ئىستىخباراتلاردىن (open-source intelligence)، يەنى ئاشكارا مەنبەلەردىن توپلىغىلى بولىدىغان ئۇچۇرلاردىن يېتەرلىك پايدىلانمىدى. مەخپىي قانالار ئارقىلىق توپلانغان ئىستىخباراتلار — ئوخشاش

بايقاشلارغا گۇگۇل ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولغان تەقدىردىمۇ ــ ئاجايىپ كۈچلۈك سىرلىقلىقتا (ۋە شۇ سەۋەبلىك جەلپكارلىقتا) ئىگىدۇر. بۇ كىتابتا نامايەن قىلىنغىنىدەك، خىتايچە كىتابلارنى، گېزىت-ژۇرناللارنى ۋە تور يازمىلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇش ئارقىلىق، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى مەخپىيەتلىكلىرىنى بايقىغىلى بولىدۇ. ھەيران قالارلىقى شۇكى، خىتايدىن باشقا ھېچبىر دۆلەت بۇ خىل ئىستىخبارات توپلاش ئۇسۇلىغا تۆزۈك مەبلەغ سالمىدى، شۇنداقلا ئوچۇق مەنبەلىك ئىستىخباراتلار ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىدا ئىككىلەمچى ئىش ۋە ناباب كەسپىي تاللاش دەپ قارالدى. گەرچە، نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئوچۇق مەنبەلىك ئۇچۇرلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ (ئوچۇق مەنبەلىك ئىستىخبارات توپلاشنىڭ) ئۆزگىچە ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇنىڭ خەۋپى، تەننەرخى ۋە بىخەتەرلىك دەرىجىسى تۆۋەن. بۇ ئوچۇق مەنبەلىك ئىستىخباراتلارنى ھۆكۈمەت ئىچىدە، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ سىرتىدىمۇ بىمالال ئورتاقلاشقىلى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ چەتئەلنىڭ مۇداخىلىسىگە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم قورال بولسىمۇ، ئەمما ئاساسەن تۆزۈك پايدىلىنىلمىدى.

تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇپ يەتكەنىكەنمىز، مەۋجۇت مېتودلارنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز مەلۇم بىر تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولساق، گاھىدا گېزىتنىڭ باش بېتىدە بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىش ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە بولىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش مېتودلىرىنى ۋە ھېكايىلىرىنى خەلققە تونۇشتۇرۇش ئەڭ مۇھىم ئىش قاتارىدا قارىلىشى كېرەك. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ كۆلىمى ۋە خاراكتېرىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلغاندا، كىشىلەر بۇ مىنىستىرلىقنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان بولىدۇ. ئاشكارا خەۋەر قىلىش ۋە دېلو تۇرغۇزۇش ئارقىلىق چەتئەلنىڭ (ئاساسلىقى خىتاينىڭ) مۇداخىلە قىلمىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش چوقۇم زۆرۈر تەدبىرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. قولىمىزدا يۇقىرى سۈپەتلىك ئوچۇق مەنبەلىك ئىستىخباراتلار بار بولسا، بۇلارنى قىلىش تېخىمۇ ئاسانغا توختايدۇ.

## 4. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ كەملىكى ۋە «خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرستى»نىڭ تۇتىيا دەپ قارىلىشى

بىز خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسلىق نىشانلىرى ھېسابلىنىدىغان تەتقىقاتچىلار، ئوبزورچىلار ۋە ھۆكۈمەتكە تەۋە بولمىغان خىتاينى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. گەرچە ئۇلار ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى ھەققىدە مۇتەخەسسىس بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى خىتاي مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى دەپ ئاتىشىدۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە مۇئامىلە قىلىش جەھەتتىكى بىپەرۋالىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. راند شىركىتىنىڭ مىسالى

تېخمۇ كەڭ دائىرىلىك مەسىلىنىڭ بېشارىتىدۇر. گەرچە، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ شىركەت يەنىلا «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئامېرىكاغا كىرىشىگە ياردەم قىلغان.

خىتاينىڭ ئىستىخبارات ۋە بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرى دائىم خىتاي ھەققىدىكى تارىخلارنىڭ ۋە تەھلىللەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلىدۇ. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىنى يازغاندا، بۇنداق قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئىستىخبارات تارىخچىسى كرىستوفېر ئەندرېۋنىڭ (Christopher Andrew) كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «ئىستىخبارات ساھەسى بىر پارتىيەلىك دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسىدۇر.» بۇ سوغۇق ئۇرۇشتىن يەكۈنلەنگەن، ئەمما كېيىن ئۇنتۇلغان ۋە خىتايغا ئالاقىدار مۇزاكىرىلەردە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن ساۋاقلاردىن بىرىدۇر. (14) تەتقىقاتچىلار خىتاينىڭ ھازىرقى زامان تارىخى توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتكەندە، خىتاينىڭ ئىستىخبارات ساھەسى توغرىسىدا تۈزۈكرەك مەلۇمات بەرمەستىن، ئەپلەپ-سەپلەپلا قۇتۇلماقتا. يېقىندا ئېلان قىلىنغان، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى 650 بەتلىك بىر پارچە دوكلاتتا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا ئارانلا ئىككى بەت ئايرىلغان.(15)

ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى تەبىئىي مۈشكۈلاتلار بۇنىڭغا قىسمەن سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما بۇ باھانە يەنىلا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئاكادېمىك ساھەدىكىلەر خىتاينىڭ پېنسىيەگە چىققان ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز پارچە تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ماقالىلىرى ۋە ئەسلىمىلىرىگە تۈزۈكرەك ئەھمىيەت بەرمىدى. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئارخىپلىرىمۇ خىتاينىڭ ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا باشقىچە نۇقتىئىينەزەر بىلەن تەمىنلەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارغىمۇ تۈزۈك ئەھمىيەت بېرىلمىدى.(16) سىز ئاكادېمىك ئەسەرلەردىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «مەركىزىي تەكشۈرۈش بۆلۈمى»گە (بۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق گەۋدىسىدۇر) ئالاقىدار ھېچقانچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى تاپالمايسىز. ھالبۇكى، بۇ ئاپپارات خىتاينىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى دىپلوماتىك ۋەزىپىلىرى ۋە چەتئەل مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر.(17) نۆۋەتتە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ ياكى خاككېرلىرىنىڭ ئۈستىدىن دېلو تۇرغۇزغاندا، سوت خاتىرىسى ۋە شىكايەتنامىدىكى پارچە-پۇرات يىپ ئۇچلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرۈشنى خالايدىغانلار تولىمۇ ئاز. ھالبۇكى، بۇ يىپ ئۇچلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ۋە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ نىقاب تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان.(18)

دەل ئەكسىچە، ئاكادېمىك ساھەدىكىلەرنىڭ خىتاينىڭ ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىغا بولغان قىزىقىشى تولىمۇ تۆۋەن. بىر ساھە سۈپىتىدىكى خىتايشۇناسلىقتا، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنىڭ ئورنىنى نەزەرىيىۋى ياكى مىقدارلاشقان مېتودلار ئىگىلەپ،

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارغا ھېچقانچە بوشلۇق قالمىدى. گەرچە ۋەزىيەتتە ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي توغرىسىدىكى ئاكادېمىك تەتقىقاتلاردا ئوچۇق مەنبەلەرنى تەكشۈرۈش مېتودلىرىنىڭ ۋەزنى يەنىلا يېتەرسىز. ماۋ زېدوڭ ئۆلۈپ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەدرىجىي ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بۇ خىل (نىسپىي) لىبېراللىشىشتىن ۋۇجۇدقا چىققان تەتقىقات ساھەلىرىدە ئىزدىنىشنىڭ ھوسۇلى كۆپ ئاشتى. چەتئەللىكلەر تۇيۇقسىزلا ئىلگىرى قولغا چۈشۈرۈش مۇمكىن بولمىغان نوپۇس ستاتىستىكىلىرى ۋە ئىقتىسادىي دوكلاتلارنى تەتقىق قىلالايدىغان بولدى. خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاددىي پۇقرالارنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق نەق مەيدان تەكشۈرۈش پۇرسەتلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سىياسەتلىرىگە قىزىقىدىغان كىشىلەر نىسبەتەن، ئەمدىلىكتە بەزى ئەمەلدارلار ئامېرىكالىق تەتقىقاتچىلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئورتاقلىششىنى خالايدىغان بولدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىزدىنىشكە ئەرزىيدىغان قاناللاردۇر، لېكىن بۇ قاناللار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆلۈمى نىسبەتەن تۆۋەن ۋە تېخىمۇ سەزگۈر بولغان تەتقىقات ساھەلىرىدىن بۇرىۋەتتى. تەتقىقاتچىلار خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىنى زىيارەت قىلىشقا پۇرسەت تاپقاندا، ئۆز زىيارەت ئوبيېكتلىرىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەخپىي خادىملار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەندە — بۇ خىل تونۇش كۆپىنچە ھاللاردا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» دېگەن تارمىقى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقاتتى — بولسا، بۇ زىيارەت ئوبيېكتلىرى ئىشەنچلىك، پارتىيەنىڭ «لۇشيەن»ىدىن ئاغمايدىغان، تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ھازىرلانغان ھېكايىلەرنى بازارغا سالىدىغان، كەسپىي مەخپىيەتلىكلەرنى زىنھار ئاشكارىلىمايدىغان، تاللانغان كىشىلەر بولاتتى.

بۇ ھەقتىكى يەنە بىر خىل ئىزاھات شۇكى، تەتقىقاتچىلار چەكلەنگەن تېمىلار ياكى «سىياسىي توغرىلىق»تىن بەكلا چەتنەپ كەتكەنلىكتىن خىتاي كومپارتىيەسى ياقتۇرمايدىغان تېمىلار ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەنلەرنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. مەسىلەن، پروفېسسور ئەندرېۋ ناسان (Andrew Nathan) 2001-يىلى تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىغا ئالاقىدار ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر توپلىمىنى نەشر قىلىش ۋە تەھرىرلەشكە ياردەملەشكەن بولۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش خىتايشۇناسلارنىڭ خىتايغا كىرىشى چەكلەنگەن. پېقىرنىڭ خىتايغا كىرىشىمۇ 2019-يىلى ئاشكارا چەكلەندى. گەرچە ھېچكىمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرغۇسى بولمىسىمۇ، ئەمما خىتاينى داۋاملىق زىيارەت قىلىشنى ئويلايدىغان نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ بىر ئاچچىق رېئاللىقتۇر. ئىگىلىنىشىچە، خىتاي كومپارتىيەسى توغرىسىدىكى نوپۇزلۇق تەتقىقاتچى دەپ قارىلىدىغان دېيۋىد شەمباق (David Shambaugh) بىر تۈركۈم ياش تەتقىقاتچىلارغا مۇنداق دېگەن: «گاھىدا سىلەرگە مەلۇم بىر مۇخبىردىن تېلېفون كېلىشى، ئۇ سىلەردىن تەيۋەن، تىبەت ياكى تيەنئەنمېن توغرىسىدا سوئال سورىشى مۇمكىن ...

ئەنە شۇنداق چاغدا، دەرھال تېلېفوننى قويۇۋېتىپ، بۇنداق ئىشلاردىن ئىمكانقەدەر يىراق تۇرۇشۇڭلار كېرەك.»(19) بۇ خىل ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشنىڭ خىتاي تەتقىقاتىغا، بولۇپمۇ غەربنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى قاتارلىق سەزگۈر جەھەتلەرگە بولغان تونۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى زىنھار سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاجىزلىقىغا بولغان تونۇش جەھەتتىكى نادانلىقنىڭ يەنە بىر مەنبەسى بولغان «خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە پارتىيەنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى چۈشىنىش ئىمتىيازىنى تۈتىيا دەپ بىلىش» مەسىلىسىنىڭ قوشكېزىكىدۇر. نىسبەتەن بېكىنمە سىياسىي تۈزۈلمىدە، بۇ سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئىناۋىتى ۋە نوپۇزى ئاشىدۇ. ئاۋستىرالىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى بوب خاۋكقا ئوخشاش پېنسىيەگە چىققان ئەمەلدارلار ۋە بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش «ئىمتىيازى»غا تايىنىپ، ئۆز كەسپىنى ۋە تىجارىتىنى روناق تاپقۇزغان.

ۋەھالەنكى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بۇ خىل ئىمتىيازنىڭ كۈچىنى تولىمۇ ياخشى بىلىدۇ، شۇنداقلا پۈتكۈل خىتاي كومپارتىيەسى بۇ خىل ھادىسىدىن پايدىلىنىپ غايەت زور ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى كىشىلەرنى ئىندەككە كەلتۈرۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۇلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرالايدىغانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا پەش قىلغان.(20) گەرچە «خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمتىيازى»نى چوڭ بىلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا خىتاي ئىستىخبارات تارماقلىرى بىلەن ئالاقىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا «خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش» بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈكى ۋە دۇرۇسلۇقىدىن قىسمەن ۋاز كېچىشكە رازى بولغان (يەنى خىتاينىڭ بۇلارنى ئالللقانداق شەرتكە كۆندۈرمەستىنلا، خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس). ئۇلار (خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىبارەت) ئاشۇ خىل ئىمتىيازغا تايىنىپ ئىناۋەت ۋە پۇل تاپىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياكى ئۆزلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرغان ۋاكالەتچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ھەرقانداق قىلمىشنى قەستەن سادىر قىلمايدۇ. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ مىسالى دالالەت قىلغاندەك، خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمتىيازىنى تۈتىيا بىلگۈچىلەر بۇ خىل ئۇچرىشىشلار ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنىڭ ھېچقانچە قىممىتى يوق. ئۇلار كۆپ بولغاندا بىر قىسىم پارچە-پۇرات ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدۇ. يامىنى كەلگەندە، يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ پېچكىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مەزكۇر ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ يەنە بىر

مۇھىم قىسمىدۇر.(21) نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا «قاراشلىق» ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ «11-ئىدارىسى» سۈپىتىدە ئىستىخبارات توپلاش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە كۈچ چىقارغانلىقىنى بىلىدىغانلار تولىمۇ ئاز.(22) ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىنستىتۇت ئەسلىدە ئۇچۇق مەنبەلىك ئۇچۇرلارنى تەھلىل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ نىقابى سۈپىتىدە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى سەۋەب خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرىنى خەلقئارادا باردى-كەلدى قىلىدىغان قانال بىلەن تەمىنلەش ئىدى، شۇنداقلا ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ باشقا نىشانلىرىغا ۋە چەتئەللىكلەرنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە پائال ياردەم بەردى.(23)

شۇنداقتىمۇ، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ ئىدارىسىنىڭ خەلقئارا ئالاقە تورى خىتايدىكى بارلىق تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كەڭدۇر، چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەپەككۇرىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ ۋاشىڭتوندىكى «ئىستراتېگىيەلىك ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات مەركىزى»، لوندوندىكى «خەلقئارا ئىستراتېگىيەلىك تەتقىقات ئىنستىتۇتى» قاتارلىق ئاقىللار ئامبىرى بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ ۋە ئۇچرىشىشلارنى ئۆتكۈزىدۇ.(24) «ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى» ئىلگىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنى تور ھۇجۇمىنى چەكلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش قارقىلىق تور بىخەتەرلىكى توغرىسىدا «ئورتاقلىق» ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە، «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» بىلەن ھەمكارلاشقانىدى.(25) ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى ئۆز ئىقتىسادشۇناسلىرىدىن بىرىنىڭ «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» ۋە ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىرلەشمە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىشىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەنىدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت يەنە ئاۋستىرالىيە-خىتاي مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مۇھىم دوكلاتنى تەييارلاشتا «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» بىلەن ھەمكارلاشقان.(26)

## ئېتىرازلار

جاھان ئەھلى ئىلگىرى بۇ خۇسۇستا نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ھازىر ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئېتىرازلارغا دۇچ كەلمەكتە. ئىلگىرى بۇ ئورگان ھېچبىر خادىمىنىڭ چەتئەلدە قولغا ئېلىنىپ باقمىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى، ئەمدىلىكتە بۇ مىنىستىرلىقنىڭ بىر خادىمى ئامېرىكادا قولغا ئېلىنىپ، سوتقا ئەچىقىلدى. FBI جياڭسۇ ئۆلكىلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى نازارىتىنىڭ خادىمى شۈ يەنجۈنىنىڭ (Xu Yanjun) ئامېرىكانىڭ رېئاكتىپ موتور تېخنىكىسىنى ئوغرىلىغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇنى قىلتاققا چۈشۈردى. ئۇ بېلگىيەدە قولغا ئېلىنىپ، 2018-يىلى ئامېرىكاغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. شۈ يىلىدىكى باشقا قولغا ئېلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ

نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئامېرىكا مىقياسىدا بەرپا قىلغان جاسۇسلۇق تورى بىتچىت قىلىنىدى.(27) 2021-يىلى 11-ئايدا، ئۇنىڭغا «ئىقتىسادىي جاسۇسلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن» دەپ ھۆكۈم كېسىلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىلگىرى نازارەت قىلىشقىلا بولىدىغان، ئەمما ئەزەلدىن قولغا ئېلىنىپ باقمىغان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى خادىملىرىنىڭ ئەمدى قاپقاندىكى ئولجىغا ئايلانغانلىقىنى دادىل ۋە ئوپئوچۇق رەۋىشتە جاكارلىدى.(28)

بۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرىدىغان بىردىنبىر ئاپەت ئەمەس. خىتاينىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» نەيرىڭىنىڭ بەربات بولۇشىغا ئەگىشىپ، نۆۋەتتە نۇرغۇن ھۆكۈمەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تاشقى سىياسەتلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قايتا تەڭشىمەكتە.

ئاۋستىرالىيەنىڭ (خىتايغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى تەلتۆكۈس تەڭشەشتىن ئىبارەت) بۇ «بارسا كەلمەس» يولغا قەدەم قويىدىغان تۇنجى دۆلەت بولۇش ئېھتىماللىقى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. گەرچە ئامېرىكا شىركەتلىرى ئاۋستىرالىيەگە مەبلەغ سېلىش جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەمما ئاۋستىرالىيە خىتاي بىلەن بولغان سودىغا ئېغىر دەرىجىدە تايىنىپ قالغان.(29) شى جىنپىڭ 2014-يىلى ئاۋستىرالىيەنى زىيارەت قىلغانىدى. ئاۋستىرالىيەدىكى سىياسىي ئاپپاراتلارنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە پارتىيەپەرەس سودىگەرلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، «سىياسىي مۇداخىلە» ۋە «بىرلىكسەپ خىزمىتى» (ئۇلارغا نىسبەتەن) يوچۇن ۋە مۇجمەل سۆزلۈكلەردۇر. ھالبۇكى، 2017-يىلىدىكى بىر قاتار ۋەقەلەر ئاۋستىرالىيەنى خىتايغا قارىتا تۈتۈم ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇ يىلىنىڭ بېشىدا، ئارقا قاتاردىكى (backbench — پارلامېنت ئەزاسى بولغان، ئەمما ھۆكۈمەتتە رەسمىي ۋەزىپىسى بولمىغان) سىياسەتچىلەر خىتاي بىلەن (جىنايەتچىلەرنى) ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىنى تەستىقلاشقا قارشى چىقتى. (30) 6-ئايدا، تەتقىقاتچى ئاخباراتچىلار پۇقرالار شۇ چاغقىچە كۆرۈپ باقمىغان، خىتاي كومپارتىيەسى قوللىغان، ئاۋستىرالىيە سىياستىگە مۇداخىلە قىلىش قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى ئەڭ تەپسىلىي خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى.(31) يىل ئاخىرىدا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەخپىي تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان مەخپىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن باش مىنىستىر بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا بۇ خىل پائالىيەتلەرگە قول تىقىش ھوقۇقى بەرگەن يېڭى قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.(32) ھۆكۈمەت يەنە خۇاۋېينى ئاۋستىرالىيەنىڭ 5G تورىدىن سىقىپ چىقىرىشنى ئويلىششقا باشلىدى.(33)

بۇ نوقۇل ھالدا ئاۋستىرالىيە-خىتاي مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشلا ئەمەس ئىدى. بۇ قۇرۇلما خاراكتېرلىك تەڭشەش بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ھېلىھەم داۋاملاشماقتا. سىياسىي مۇداخىلىنىڭ خەۋپىدىن خەۋەردار بولۇش كىشىلەردە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مۇددىئاسى ۋە ياخشى نىيىتىگە قارىتا گۇمان پەيدا قىلىدۇ. بۇ يەنە خىتاي كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئىدىئولوگىيەسىنى چۈشىنىشنى خىتاي توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەرنىڭ مەركىزىگە ئېلىپ كەلدى، ھالبۇكى بۇلارنىڭ زامانىۋى ئەھمىيىتىگە ئۇزۇندىن بېرى سەل قارىلىپ كەلگەنىدى.(34) ئاۋستىرالىيەنىڭ ئىلگىرى خىتاي بىلەن بولغان نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىرىدە

ساددىلىق قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىش شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئەمدى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، تەتقىقات ھەمكارلىقى، مائارىپ ئېكسپورتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى ئورنىغا قايتىدىن قاراپ چىقىشقا بولىدۇ. بۇنى تونۇپ يېتىش ئاسان ياكى مۇقەررەر ئىش ئەمەس. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي مەجبۇرلاش، ئاۋستىرالىيە پۇقرالىرىنى خالىغانچە قولغا ئېلىش ۋە ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان يۇقىرى قاتلاملىق ئالاقىنى توختىتىش قاتارلىق ئۇسۇللاردا ئۆچ ئېلىشى پەقەت ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتايغا بارغانسېرى تايىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنىڭ كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس.(35) بۇ خىل يېڭى ئەندىزە خىتاي بىلەن باردى-كەلدى قىلىشتىن كېلىدىغان پايدىدىن ۋاز كېچىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئاۋستىرالىيەنىڭ چەتئەل مۇداخىلىسىگە قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇھىم بەرپاچىلىرىدىن بىرى بولغان جون گارناۋتنىڭ (John Garnaut) چۈشەندۇرگىنىدەك: «بۇ خەتەرنى تىزگىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، (خىتاي بىلەن) باردى-كەلدى قىلىشتىن كېلىدىغان غايەت زور پايدىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر.»(36)

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەجبۇرلاش قىلمىشلىرى ۋە يوشۇرۇن ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا جاھان ئەھلىنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقان ئاۋستىرالىيە ھازىر ھەم تاشقى مۇداخىلىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى، ھەم خەتەردىن ئاگاھلاندۇرغۇچى دەپ قارالماقتا.(37) خىتاي بىلەن بولغان نەچچە ئون يىللىق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۇرگەن خاتا پەرەز ۋە بايانلاردىن ئاستا-ئاستا، ئەمما قەتئىي تەرزدە ۋاز كېچىلمەكتە. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان بۇلارنى تىرەپ تۇرغان ھەرىكەتلىرى پاش بولماقتا. ئاۋستىرالىيەدىمۇ بۇ جەرياننى تاماملاشقا يەنە نۇرغۇن يىل كېتىدۇ. ئاۋستىرالىيەنىڭ مۇداخىلە قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلاش، چەتئەلنىڭ ئارىلىششىغا قارشى تۇرۇش قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش، يوشۇرۇن ھەرىكەتلەرنى توسۇش ۋە بۇ تىرىشچانلىقلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بايلىق ۋە كەسپىي بىلىملەر بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ھېلىھەم تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا.

گەرچە باشقا ھېچبىر سىياسىي سىستېما خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاۋستىرالىيەگە ئوخشاش تۈپيۇقسىز قايتىدىن تەڭشىمىگەن بولمىسىمۇ، ئەمما دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ جاسۇسلۇق قىلمىشلىرىغا بولغان ئېترازلار كەسكىنلىشىۋاتىدۇ. 2021-يىلى، شۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى خىتايدىكى ئىستىخبارات تورى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنغان بولسىمۇ، ئىستىخبارات توپلاش ئۇرۇنۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان CIA، مەخسۇس خىتايغا ئالاقىدار ھەرىكەتلەرگە مەسئۇل يېڭى ۋەزىپە مەركىزى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى.(38) قارام جاسۇس تۇتۇش ھەرىكەتلىرىدە، FBI نىڭ جاسۇسلىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىنىڭ سىياقىغا كىرىپ، جاسۇسلۇق گۇماندارلىرى بىلەن كۆرۈشتى.(39) FBI بۇ جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەندى. چۈنكى، شۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى، بۇ ئىدارە ئۆلچەملىك خىتاي تەلەپپۇزىدا ئەمەس، پەقەت گۇاڭدوڭ شېۋىسىدىلا سۆزلىشىشنى بىلىدىغان بىر خادىمنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىمى سىياقىدا ۋەزىپىگە سالغانىدى.(40) يېقىنقى يىللاردىن

بۇيان، ئامېرىكانىڭ ھازىرقى ۋە سابىق بىر قانچە ھۆكۈمەت خادىمى خىتاي ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلەندى. 2020ـ يىلى، نيۇيورك شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ خادىمى بەيمادادجىيې ئاڭۋاڭ (Baimadajie Angwang) خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلغان، دەپ ئەيىبلەندى.(41) ئامېرىكا تەپتىش ئەمەلدارلىرى يەنە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئۇندىن ئارتۇق خاككېرنى جاسۇسلۇق جىنايىتى ــ گەرچە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ سوتقا تارتىلمايدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ ــ بىلەن ئەيىبلىدى.(42)

ئامېرىكا خىتاينىڭ جاسۇسلۇق قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىۋاتقان بىردىنبىر دۆلەت ئەمەس. 2021ـ يىلى، دۇنيا مىقياسىدىكى دۆلەتلەر بىرلىشىپ، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ Microsoft Exchange يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ مۇلازىمېتىرلىرىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى.(43) بارلىق چوڭ دۆلەتلەر بىر-بىرىگە خاككېرلىق ھۇجۇمى قىلىدۇ، ئەمما ئاۋستىرالىيە تور بىخەتەرلىكى تارمىقىنىڭ باشلىقى راشېل نوبېلنىڭ (Rachel Noble) سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى تور جىنايەتچىلىرىنىڭ مەزكۇر مىنىستىرلىقنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ، ئوغرىلىق ۋە قاقتى-سوقتى قىلىشىغا يول قويۇپ «چەكتىن ئېشىپ كەتتى.»(44) ئاۋستىرالىيە دائىرىلىرى مېلبۇرندا تۇرۇشلۇق بىرلىكسەپ خادىمىنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن ھەمكارلىشىپ، نۆۋەتتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر سىياسەتچىگە تەسىر كۆرسىتىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىدى. ئىككى خىتاي ئاكادېمىكنى ئۆز ئېچىگە ئالغان باشقا نۇرغۇن چەتئەل جاسۇسى گۇماندارلىرىنىڭ ۋىزىسى بىكار قىلىندى.(45) ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇخبىر سىياقىغا كىرىۋالغان ئۈچ نەپەر خادىمىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى.(46) شۇنداقلا، يەنە ئادۋوكات ۋە سىياسى ئىئانىچى كىرىستىن لىنى (Christine Lee) خىتاي بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ۋاكالەتچىسى دەپ ئاتىدى.(47) گېرمانىيە دائىرىلىرى بىر سىياسەت تەتقىقاتچىسىنى شاڭخەي شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، دەپ ئەيىبلىدى.(48) گەرچە ياپونىيەدە يەنىلا جاسۇسلۇققا ۋە مۇداخىلىگە قارشى تۇرۇش قانۇنلىرى كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تور ھۇجۇمى قىلغانلىقىنى ئاشكارا ئەيىبلىدى ھەمدە تېخنىكا ئوغرىلىقى ۋە تور جاسۇسلۇقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ساقچى ئەترىتى تەسىس قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.(49) 2021ـ يىلى، دائىم رۇسىيەنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان بالتىق دېڭىزى دۆلىتى ئېستونىيە بىر نەپەر خىتاي جاسۇسىغا جىنايەت ئارتتى.(50) خىتاينىڭ باشقا ئىستىخبارات خادىملىرى ۋە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىش سۈيقەستلىرى فىرانسىيە، تەيۋەن، يېڭى زېلاندىيە، بېلگىيە، پولشا، ھىندىستان، ئافغانىستان، سىرىلانكا، قازاقىستان، سىنگاپور ۋە نېپالدا پاش قىلىندى.(51) بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر نەچچە يىل ئىچىدە يۈز بەردى.

بۇ «جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى تىزىملىكى» كىشىنى ھەم تەسكىن تاپقۇزىدۇ، ھەم پاراكەندە قىلىدۇ. چۈنكى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بىر خادىمى تۇتۇلغان ياكى

دېلوسى تاراتقۇلارغا ئاشكارىلانغان بولسا، ئونلىغان، ھەتتا يۈزلىگەن جاسۇسلار ھېلىھەم پائالىيەت قىلىۋاتقان بولىدۇ. بۇ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ئالاقىدارلىرى تولىمۇ ئاز.(52) ئەمما، بۇ خىل ھالەتمۇ ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

## تەشەككۈرنامە

جون گارناۋتنىڭ (John Garnaut) رىغبەتلەندۇرۇشى ۋە پىكىرلىرى بولمىغان بولسا، بۇ كىتاب پۈتۈپ چىقمىغان بولاتتى. پېتىر مەتتىسمۇ (Peter Mattis) ماڭا ئىلھام بەردى ھەمدە خىتاي تەتقىقاتى توغرىسىدا ماڭا نۇرغۇن نەرسە ئۆگەتتى. مەن تۆت نەپەر دوستۇمغا ئالاھىدە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇلار ماڭا ئىشەندى، ئەقىل-پاراستىنى ئورتاقلاشتى ۋە مەن ئۈچۈن ياخشى مەسلىھەتچى بولۇشتى. بۇلار ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئاۋستىرالىيەلىك خىتاي ئاكادېمىك، جىچاڭ لۇلۇ ۋە بۇ ساھەدە تەڭداشسىز تەجرىبىگە ئىگە ئىككى قەدىناس دوستۇمدۇر.

كىلىف خامىلتون (Clive Hamilton) بۇ جەرياندا مېنى ئىزچىل قوللىدى، كەسپىي ھاياتىمنىڭ دەسلىپىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىشەنچ ۋە بىلىم بۇ پروجېكت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بوب بىلەن دايموندمۇ كەڭ قورساق يېتەكچى ۋە دوستلار ئىدى.

خاردىي گرەنت (Hardie Grant) نەشرىياتىدىكى ئارۋېن سامېرس (Arwen Summers)، جيۇلى پىنكخەم (Julie Pinkham) ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەن يەنە كىتابنىڭ ئورىگىنالىنى قىسقارتىش ۋە پىششىقلاشقا ياردەم بەرگەن مۇھەررىرلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.

مۇروڭ شۆسۈن (慕容雪村) ماڭا يېزىقچىلىق قىلىش ۋە ئەسەر ئورىگىنالىنى نەشرىياتچىغا قانداق تاپشۇرۇش توغرىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى.

شۇنداقلا، ئاۋستىرالىيە، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز دوستلۇقى ۋە يېتەكچىلىكى ئارقىلىق، ياكى ئۆزلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرى ھەققىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ماڭا ياردەم قىلدى.

مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئاخىرىدا، ئائىلەمدىكىلەر ۋە يېقىن دوستلىرىمنىڭ كىتاب يېزىش جەريانىدىكى يالغۇزلۇقتا مېنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

## ئاپتور ھەققىدە

ئالېكس جوسك (Alex Joske) ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ ھازىرغا قەدەر بولغان ئەڭ ياش تەھلىلچىسى بولۇپ، نوپۇزلۇق ۋە مۇستەقىل دەلىللىگىلى بولىدىغان ئۇچۇر مەنبەسىنى ئاساس قىلغان، خىتايچە ئىنچىكە تەتقىقاتلىرى بىلەن تونۇلغان. ئۇنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئىستىخبارات ئۇرۇنۇشلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى قاتتىق تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكۈشلۈق ئۆتكەن، شۇنداقلا دۇنيا مىقياسىدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ھازىر ئاۋستىرالىيەنىڭ كانبېررا شەھىرىدە ياشايدىغان بولۇپ، ئىلگىرى بېيجىڭدا ئالتە يىل تۇرغان.

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىنغاي.

(«جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق» ناملىق ئىنگلىزچە ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى تولۇق تۈگىدى.)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى




# مانجۇلارنىڭ قەشقەرنى بېسۋېلىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى ۋە چېگرا سىياسەتلىرى

دوكتور كونۇر ئالپ ئەرجىلاسۇن

# مانجۇلارنىڭ قەشقەرنى بېسىۋېلىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى ۋە چېگرا سىياسەتلىرى

پروفېسسور، دوكتور كونۇر ئالپ ئەرجىلاسۇن

چىڭ سۇلالىسى قەشقەرنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇلمىسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەشكىلات سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، رايوننى شۇ سىستېما ئارقىلىق ئىدارە قىلدى. لېكىن، چىڭ سۇلالىسى قەشقەردە بەرپا قىلغان باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە قاراتقان سىياسىتىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىلگىرى، مانجۇلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى، خىتايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ۋە بۇ جەرياندا يولغا قويغان سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، مەزكۇر سۇلالىنىڭ قەشقەردىكى ئەھۋالىنى چۈشىنىشكە پايدىلىقتۇر.

ئانا يۇرتى بۇگۈنكى خىتاينىڭ شەرقىي شىمالى رايونىدا بولغان ۋە ئەسلىدە خىتايلاردىن بولمىغان مانجۇلار 16-ئەسىردە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن، موڭغۇللارنىڭ سىياسىي تەپرىقىچىلىك ۋە نىزا پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي گەۋدىسىنى قۇرۇپ چىققان ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئەتراپىدىكى رايونلارغا كېڭەيتىشكە تەييارلانغانىدى. مانجۇلار ئۆزىنىڭ سىياسىي گەۋدىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئەللىك يىل ئىچىدە ھەم موڭغۇللار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتى، ھەم خىتاينى قولغا كىرگۈزۈپ يېڭى بىر سۇلالە قۇرۇپ چىقتى. مانجۇلارنىڭ ھايات تەرزى ۋە خىتايغا نىسبەتەن يات سۇلالە ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ بۆلۈمدە ئالدى بىلەن مانجۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە خىتاينى قولغا كىرگۈزۈشى ھەققىدە، ئاندىن ئۇلار قۇرغان سىستېما بىلەن چېگرا رايونلىرىغا ۋە قوشنا ئەللەرگە قاراتقان سىياسەتلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

## 1. چىڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى مانجۇلار

چىڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى مانجۇلار «جۇرجان» (198) دەپ ئاتىلاتتى ۋە ئۈچ غوللۇق گۇرۇپپا ھالىتىدە ياشايتتى. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ھايات تەرزلىرى ۋە خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئۆزلىرى ياشىغان رايونلارغا كۆرە پەرقلىق ئىدى.

بۇ گۇرۇپپىلاردىن بىرى بولغان، «جىيەنجوۋ جۇرجانلىرى» (199) دەپ ئاتالغان قەبىلىلەر جەنۇبىي مانجۇرىيەدە، لياۋخې دەرياسىنىڭ (200) شەرقىي شىمالى بىلەن يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ (201) غەربىي شىمالىدىكى رايونلاردا ياشايتتى. بۇلار ئولتۇراق ھايات كەچۈرىدىغان دېھقانلار بولۇپ، توقۇمىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئۆرپ-ئادەتلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى خىتايلارنىڭكىگە ئوخشايتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان خىتايلارمۇ نۇرغۇن ئىدى. خىتاينىڭ غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلىرى بىلەن قوشنا ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، خىتاي بىلەن قويۇق تىجارەت قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتقانىدى. كېيىن خىتاينى ئىستېلا قىلىپ، يېڭى سۇلالە قۇرغان قەبىلىلەر مانا مۇشۇ گۇرۇپپىدىن چىققان.

ئىككىنچى گۇرۇپپا مانجۇرىيەنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى ئورمان رايونلىرىدا ياشايدىغان نۇرگاللار ئىدى. بۇلار خىتايلار تەرىپىدىن «ياۋايى جۇرجانلار» (202) دەپ قارىلاتتى. ئۇلار تولىمۇ كۆپ ئۇششاق توپلارغا بۆلۈنۈپ ياشايتتى. ئامۇر (203) ۋە ئۇسسۇرى (204) دەريالىرىنىڭ بويىدا ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ رايونغا بارغان خىتاي ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى دائىم بۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ۋە بۇلاڭچىلىقىغا ئۇچرايتتى. ئۇلار ياشايدىغان رايونلار خىتايدىن تېخىمۇ يىراق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ نىسبەتەن ئاز ئىدى.

ئۈچىنچى گۇرۇپپا مانجۇرىيەنىڭ غەربىدە جەنۇبىي موڭغۇللارغا قوشنا بولۇپ ياشايدىغان ئاز بىر قىسىم مانجۇلار ئىدى. غەربىي مانجۇرىيەنىڭ بوزقىرلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ گۇرۇپپىدىكى مانجۇلار بىلەن بىللە بەزى موڭغۇللار ۋە خىتايلارمۇ ياشايتتى، شۇنداقلا ئۇلارمۇ مانجۇلار بىلەن بىللە مال-چارۋىلىرى ئۈچۈن ئوت-سۇ قوغلىشىپ يۈرەتتى.(205)

مانجۇرىيەدە ياشايدىغان بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ — بولۇپمۇ بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ — ھەم مىڭ سۇلالىسى بىلەن، ھەم كورىيە بىلەن تىجارەت مۇناسىۋىتى بار ئىدى. مىڭ سۇلالىسى بۇ رايونغا قارىتا ئەنئەنىۋى خىتايچە سىياسەت يۈرگۈزۈپ، بۇ يەردە ياشايدىغان قەبىلىلەرنى ئىمكانقەدەر بىر-بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدى. ئۇلار ھەربىر مانجۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقىغا تۇرلۇك ئاتاقلارنى بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇلۇغلانغاندەك ھېس قىلدۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى بىر-بىرىگە بويۇن ئەگمەس (ۋە شۇ سەۋەبلىك بىرلىشەلمەس) قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، مىڭ

سۇلالىسى بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئۆزىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۇلاردىن ئولپان ئېلىشقا كۆچكەن. ئولپان تاپشۇرۇش زىيارەتلىرى جەريانىدا، ئۇلارغا زور مىقداردا ھەدىيەلەرنى بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ يولبويى نازارەت ئاستىدا تىجارەت قىلىشىغا يول قويغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، جۇرجانلار ئۈچۈن چېگرا بازارلىرىمۇ تەسىس قىلغان مىڭ سۇلالىسى كورىيەنىڭ بۇ رايونىدىكى سودا تەسىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئاجىزلاتقان ۋە شۇنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى رايوننىڭ ئۇلۇغ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرغانىدى.(206)

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇرجانلارغا قاراتقان سىياسىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقتىن، مىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇرجانلار ئارىسىدا ئاسايىشلىق دەۋرى باشلانغان. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقان بۇ ئاسايىشلىق دەۋرىدە، جۇرجانلارنىڭ نوپۇسى تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن. 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇرجانلارنىڭ قەبىلىلىرى بىر قانچە يۈز كىشىدىن تەركىب تاپقان بولسا، 16-ئەسىردىن ئېتىبارەن بۇ قەبىلىلەر يەتتە مىڭدىن توققۇز مىڭغىچە ئەزاسى بار ھالەتتە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. نوپۇسنىڭ ئېشىشى نەتىجىسىدە، بۇ رايوندا جۇرجانلارنىڭ ۋەزنى كۈچىيىشكە باشلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، 16-ئەسىردە ھەم مىڭ سۇلالىسى جۇرجانلارغا بەرگەن ھەدىيەلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ ناچارلىشىشى، ھەم جۇرجان ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىنىڭ پات-پاتلا زىيارەتكە كېلىشىلىشى ۋە ئۆمەكتىكى ئادەم سانىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى ئاستا-ئاستا مىڭ سۇلالىسى ۋە جۇرجانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. مىڭ سۇلالىسى 1541-يىلى جۇرجانلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم، ئادەم سانى بەش يۈزدىن ئېشىپ كەتمىگەن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. نەتىجىدە، شۇ سەۋەبلىك جۇرجانلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدا ئۇرۇشلار باشلىغان. بۇ ئۇرۇشلار جۇرجانلارنىڭ بىر رەھبەرنىڭ تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشۇشىغا زېمىن ھازىرلىغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئۆزى بىلەن دوستانە مۇناسىۋىتى بار بىر جۇرجان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنى خاتا ھالدا ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، بۇ خاتالىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، شۇ ئاقساقالنىڭ ئوغلى نۇرخاچىقا نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى بەرگەن ۋە نۇرخاچىنى جۇرجانلارنىڭ ئارىسىدىكى باش ئېسىلزادە دەپ تونۇغان.(207)

نۇرخاچ ئۆز قەبىلىسىنىڭ رەھبىرىگە ئايلانغان ۋە مىڭ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، نەزىرىنى مانجۇرىيەدىكى باشقا جۇرجانلارغا ئاغدۇرغان ھەمدە ئۇرۇش، تۇرلۇك ئىتتىپاقداشلىق ۋە قۇدا-باجا بولۇشۇش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جۇرجانلارنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان.(208)

نۇرخاچ مانجۇرىيەنى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈپ، يېڭى بىر سىستېما بەرپا قىلىشتىن ئىلگىرى، جۇرجانلارنىڭ بىر قىسمى ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولۇشىغا قارىماستىن، يەنىلا قەبىلىلەر ھالىتىدە ياشايتتى. كۆچمەن-چارۋىچى خەلقلەرنىڭ كىلاسسىك قۇرۇلمىسى بولغان بۇ سىستېمىدا ھەر قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى بار بولاتتى ۋە بۇ ئاقساقاللار باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن تەڭ

سالاھىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ۋەزىيەت قەبىلىلەرنى تەشكىل قىلغان ئايماق ۋە كىشىلەرنىڭ قەبىلە رەھبىرىگە باغلىنىشىغا ھەمدە بۇ رەھبەرلەرنىڭ بىر-بىرىدىن مۇستەقىل پائالىيەت قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ، تارقاق، بۆلۈنمە بىر قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. جۇرجانلارنىڭ مۇشۇنداق بىر ھالەتتە ئىكەنلىكى مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن مەلۇم. يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىنغىنىدەك، مىڭ سۇلالىسى بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئايرىم-ئايرىم ئاتاقلارنى بېرىپ، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن مۇستەقىل گەۋدە سۈپىتىدە قوبۇل قىلاتتى.

نۇرخاچ جۇرجانلارنىڭ بۇ خىل قۇرۇلمىسىنى يېڭىلىغانىدى. پۈتكۈل جۇرجان قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قارام قىلىپ، مانجۇرىيەنى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزگەن نۇرخاچ قۇرغان سىستېمىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنتلىرىدىن بىرى گۇسا (تۇغ) بىرلىكلىرى سىستېمىسى ئىدى.(209) نۇرخاچ قولغا كىرگۈزگەن زېمىن كېڭەيگەنسېرى، ئۆز قوشۇنىنى مۇشۇ تۇغلۇق قوشۇنلار ئاستىدا تەرتىپكە سېلىشقا باشلىغانىدى. تۇغلىرىنىڭ رەڭگىگە بىنائەن ئاتالغان تۇغلۇق قوشۇنلار ئەڭ دەسلەپتە تەسىس قىلىنغاندا، ئاق، سېرىق، كۆك ۋە قىزىل تۇغلاردىن ئىبارەت ئىدى.(210) بۇلارنىڭ ئاستىدا ھەربىر تۇغنى تەشكىل قىلغان نىرۇ (ئوق)لار بار ئىدى.(211) كېيىن، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ شىددەت بىلەن زورىيىشى نەتىجىسىدە، نۇرخاچ 1615-يىلى بۇنىڭغا يەنە تۆت تۇغنى قوشقان(213)، شۇنداقلا تۇغ بىلەن ئوق ئارىسىغا «جالان» دېيىلىدىغان بىر بىرلىك تەسىس قىلغان (بۇنى بىرىگادا بىلەن باتالىيوننىڭ ئارىسىغا پولك تەسىس قىلىشقا ئوخشىتىپ چۈشىنىشكە بولىدۇ، ت). شۇنىڭدىن كېيىن، مانجۇ خاندانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر بويىچە تۇغلارنىڭ سانىنى ئاشۇرۇلماستىن، ھەربىي بىرلىكلەرنىڭ كېڭىيىشى ئوق ۋە جالانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپەيتىلىشى بىلەن بولغان.(213)

نۇرخاچ تەسىس قىلغان تۇغلۇق قوشۇنلار سىستېمىسى مانجۇلارنىڭ كلاسسىك قەبىلە مۇناسىۋىتىنى يىمىرگەنىدى. نۇرخاچ بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل مانجۇلارنىڭ ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئەمەس، بەلكى نۇرخاچقا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا ساداقەت كۆرسىتىشىنى كۆزلىگەنىدى. شۇ ئارقىلىق، قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىقى ئورنىغا چىقىدىغان جەزىبىدار بەگلەرنىڭ نۇرخاچنىڭ سىرتىدا كۈچ ۋە جەزبە مەركىزىگە ئايلىنىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرۇلمىغان بولاتتى. تۇغلۇق قوشۇنلار تەسىس قىلىنغاندىمۇ، شۇ تۇغقا تەۋە بولغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش رايوندىن كەلمىگەن بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى.(214) لېكىن، نۇرخاچ قەبىلە سىستېمىسىنىڭ پۈتكۈل مىراسلىرىنى رەت قىلمىغان بولۇپ، قەبىلىلەرنى پارچىلىۋەتكەن بولسىمۇ، شۇ قەبىلىلەرگە تەۋە جەمەتلەرنى پارچىلىۋەتمىگەنىدى. تۇغلارغا نوقۇل ھالدا ئەر ئەسكەرلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شۇ تەرىقىدە بىر ئوق كۆپىنچە ھاللاردا چوڭ بىر جەمەتتىن تەركىب تاپقان بولاتتى.(215)

نۇرخاچ بۇ جەرياندا يەنە ئىقتىسادىي كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانغان. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى خىتاي بىلەن قىلىنىدىغان ئادەمگىياھ (216) سودىسىنى تىزگىنلەش ئىدى. يەنە

بىر تەدبىر موڭغۇللار دەۋرىدىن بېرى ئېچىلمىغان ئالتۇن-كۈمۈش كانلىرىنى ئېچىش ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، نۇرخاچ مانجۇرىيەدە كۆن ۋە مەرۋايىت سودىسىنىمۇ ئۆزى تىزگىنلەپ، ئۇلپان زىيارەتلىرىدە مىڭ سۇلالىسىدىن بۇنىڭ بەدىلىگە خىتاي كۈمۈشى بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە شۇ كۈمۈشلەرگە ئېرىشكەنىدى.

نۇرخاچ مانجۇرىيەنى ئۆز تەسەررۇپى ئاستىدا بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، 1616-يىلى جىن سۇلالىسىنى قۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى.(217) بۇ ئىسىم مانجۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى قۇرغان، 1122~1234-يىللىرى ئارىسىدا خىتاينىڭ شىمالىدا ھۆكۈم سۈرگەن خانلىقنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇ تەرىقىدە، گەرچە نۇرخاچ مىڭ سۇلالىسى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتقان، ھەتتا ئۇلپان ئۆمەكلىرىنىڭ مەسئۇلى سۈپىتىدە بىر قانچە قېتىم مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئۆزى بىۋاستە بارغان بولۇشىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ تۈپ نىشانىنىڭ يەنىلا خىتاينى ئىستېلا قىلىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولغانىدى.

لېكىن، نۇرخاچ خىتاينى ئىستېلا قىلىش ئارزۇسىغا يېتەلمەستىن، 1626-يىلى ئۆلگەن ۋە بۇ نىشان مىراس سۈپىتىدە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا قالغانىدى. نۇرخاچ بەرپا قىلغان تۇغلۇق قوشۇنلار سىستېمىسى مانجۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆچمەن-چارۋىچىلىق قەبىلە سىستېمىسىدىكى فېدېراتىپ قۇرۇلمىنى ئاجىزلىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئولتۇراق ھايات ئاساس بولغان، ھوقۇق مەركەزلەشكەن بىر دۆلەتكە ئۇل سالغانىدى.

## 2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي سىستېمىسى

نۇرخاچتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئاباخاي مانجۇلارغا ھۆكۈمدارلىق قىلىپ، 1631-يىلى جەنۇبىي موڭغۇلىيەدىكى ئەڭ مۇھىم قەبىلىلەردىن بولغان چاخار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن. 1638-يىلى كورىيەنى ئۆزىگە قارام قىلىپ، جۇرجان ھاكىمىيىتىنى راۋۇرۇس مۇستەھكەملىگەن. بۇنىڭدىن سىرت، ئاباخاي 1636-يىلى ئىككى مۇھىم ئۆزگىرىشنى رويابقا چىقارغان. بۇلاردىن بىرى، «جىن» دېگەن سۇلالە نامىنى «چىڭ»غا (218) ئۆزگەرتكەن. يەنە بىرى، «جۇرجان» نامىنىڭ قوللىنىلىشىنى چەكلەپ، «مانجۇ» نامىنى قوللىنىشقا باشلىغان. موررىس روسابىنىڭ (Morris Rossabi) مۇلاھىزىسىگە كۆرە، بۇ خىل ئۆزگەرتىش تارىخ بەتلىرىگە «مانجۇ» نامى بىلەن يېزىلغان بۇ مىللەتنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمدە خىتاينىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىر ئىدى.(219)

ئاباخاي نۇرخاچ قۇرغان تۇغلۇق قوشۇنلارنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇ مەزكۇر تۇغلۇق قوشۇنلارغا قوشۇپ، خىتايلاردىن ۋە موڭغۇللاردىنمۇ سەككىز تۇغ تەشكىللىگەن.(220) شۇ تەرىقىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ، موڭغۇل ۋە خىتاي قوشۇنلىرىنى ئاساس قىلغان ھەربىي كۆچى مەيدانغا كەلگەن. تۇغلۇق قوشۇنلار تۈزۈلمىسى مانجۇلارنىڭ ھەم خىتاينى ئىستېلا قىلىشىنى، ھەم ئىستېلادىن كېيىن مۇشۇ تۇغلۇق قوشۇنلار ئارقىلىق ئۆز تىزگىنىدە تۇتۇپ تۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىلىرىغا جايلاشتۇرۇلغانىدى.

ئاباخاي تۇغلۇق قوشۇنلارغا يۇقىرىقىدەك ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن، مەمۇرىي جەھەتتە يېڭى تەشكىلىي ئىسلاھات ئېلىپ بارغان ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن «ئالتە نازارەت» دەپ ئاتىلىدىغان تەشكىلىي سىستېما بەرپا قىلغان. بۇلار مۇراسىم نازارىتى، تاپاۋەت نازارىتى، ئۇرۇش نازارىتى، جازا نازارىتى، سودا نازارىتى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش نازارىتىدىن ئىبارەت ئىدى.

خىتايدىكى سۇلالىلەر ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ سۈي سۇلالىسى (581~619-يىللىرى) دەۋرىدە قۇرۇلغان ئالتە نازارەت تەشكىلىي سىستېمىسى تۈرلۈك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن ھالدا مىڭ سۇلالىسىگە قەدەر داۋاملاشقان بولۇپ، مانجۇلارمۇ ئۆز دۆلىتىدە بۇ تەشكىلىي سىستېمىنى ئۆز پېتى تەسىس قىلغانىدى.(222) ئۇلار خىتاينى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىنمۇ، مەزكۇر نازارەتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ تارماقلىرى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە قۇرۇلغان ھەمدە بۇلار بىۋاسىتە مەركەزدىكى ئالاقىدار نازارەتكە قاراشلىق بولغان. شۇ ۋەجىدىن، ئەنئەنىۋى خىتايچە ئىدارە سىستېمىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئالتە نازارەت تۈزۈلمىسى تۇغلۇق قوشۇنلار تۈزۈلمىسىگە قارىغاندا، ئولتۇراق ھاياتنى ئاساس قىلىدىغان دۆلەتكە خاس قۇرۇلمىغا ئىگە ئىدى. ئاباخاينىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدە تۇغلۇق قوشۇنلار سىستېمىسىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ئالتە نازارەت تۈزۈلمىسىنى تەسىس قىلىشى، مانجۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قەبىلە قۇرۇلمىسىنى نۇرخاچ دەۋرىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئاجىزلىتىپ، كۈچىنىڭ تېخىمۇ بەك مەركەزلىشىشىگە ئىمكانىيەت ياراتقان ھەمدە خىتاي ئىستېلا قىلىنىشتىن ئىلگىرىلا، ئولتۇراق ھايات ئاساس بولغان، ھوقۇق مەركەزلەشكەن بىر دۆلەت قۇرۇلۇپ بولغانىدى.

شۇ تەرىقىدە، مانجۇرىيەنى بىرلەشتۈرگەن، موڭغۇللار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن ۋە ھوقۇق مەركەزلەشكەن بىر دۆلەتكە ئىگە بولغان مانجۇلار (خىتاينى ئىستېلا قىلىشتىن ئىبارەت) نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەييارلىنىپ بولغانىدى. 1643-يىلى ئاباخاي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ئوغلى فۇلىنىنىڭ دەۋرىدە بۇ نىشان رويابقا چىققان. بۇ چاغدا، مىڭ سۇلالىسى بەكلا زەئىپلىشىپ، ئىسيانلارنى تىنجىتالماس ھالغا كېلىپ قالغانىدى. شۇ ئىسيانچىلاردىن بىرى 1644-يىلى بېيجىڭنى قولىغا كىرگۈزگەندە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئۆلتۈرۈلگەن. مانجۇلار مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بولغان ۋۇ سەنگۈي بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىتايدىكى ئىسيانچىلارنى

«تازبلاش» مەقسىتىدە سەددىچىندىن جەنۇبقا ئۆتۈپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە بېيجىڭنى ۋە خىتاينىڭ شىمالىنى قولغا كىرگۈزگەن.(223)

مانجۇلار خىتاينىڭ جەنۇبىنىمۇ ۋۇ سەنگۈي قاتارلىق مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ قولغا كىرگۈزگەن ۋە شۇ سەۋەبلىك، بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىشتا، مۇشۇ كىشىلەردىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. مانجۇلار ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان بۇ مەزگىلدە، بۇ جايلارنى بىۋاستە مەركىزىي ھاكىمىيەتكە باغلاشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىگە پايدىسى تەگكەن سابىق مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا كەڭ ئىمتىيازلارنى بېرىپ، بۇ جايلارنى بېقىندى زېمىن سۈپىتىدە ئىدارە قىلىشنى تاللىغان. لېكىن، 1671-يىلى ۋۇ سەنگۈي ۋە جەنۇبتىكى باشقا ئىككى ئەمەلدار چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. خىتاي تارىخىدا «ئۈچ بېقىندى ئىسيانى» (三藩之乱) دەپ ئاتالغان بۇ ئىسيان 1681-يىلى ئاندىن باستۇرۇلغان. 1683-يىلىغا كەلگەندە، مانجۇلار خىتاينىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا نازارەت ئاپپاراتلىرىنى تولۇق تەسىس قىلىپ، بۇ رايونلارنى بىۋاستە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە باغلىغان، شۇنداقلا بۇ رايوندىكى چېگرالىرىنى ئۆزىدىن ئىلگىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭكىدىنمۇ كېڭەيتكەن.(224)

مانجۇلار خىتاينى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان يەرلىك مۆتىۋەرلەرنى يېڭىغا تارتىپ، يېڭى سۇلالىنىڭ مەمۇرىي قۇرۇلمىسىدا مۇشۇلاردىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنغان. مانجۇلار بۇ كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى خىتايدىكى ئىسيانىنى تىنجىتقۇچى كەلگەن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ياۋداملىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان كىشىلەر قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇلار شۇ ئارقىلىق مىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايونغا قارىتىلغان سىياسىتىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا موڭغۇل-مانجۇلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى تەكشۈكلۈقنى ساقلاش ئىدى. مەركىزىي ھاكىمىيەت تەشكىلىي سىستېمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاپپاراتلىرى بولمىش ئالتە نازارەتنىڭ ھەربىرىگە ئىككى كىشى مەسئۇل بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى مانجۇ، بىرى خىتاي بولاتتى. يەنە شۇنىڭدەك، بۇ نازارەتلەرنىڭ ھەربىرىدە تۆت نەپەر نازىر ياردەمچىسى بار بولۇپ، بۇلارنىڭمۇ ئىككىسى مانجۇ، ئىككىسى خىتاي بولاتتى. چوڭ شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا، ھەربىر ئۆلكىگە بىر ۋالىي، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئىككى ئۆلكىگە مەسئۇل باش ۋالىي تەيىنلىنەتتى. كۆپىنچە ھاللاردا ۋالىيلار خىتاي، باش ۋالىيلار مانجۇ بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىلارغا تۇغلۇق قوشۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ قوشۇنلارنىڭ ھەربىرىگە بىر مانجۇ قوماندان مەسئۇل قىلىنغانىدى. ۋالىيلار ۋە باش ۋالىيلارنىڭ ئىلكىدە مۇئەييەن دەرىجىدە ھەربىي كۈچ بولسىمۇ، بۇ يەردە ئاساسىي كۈچ يەنىلا تۇغلۇق قوشۇنلارنى باشقۇرىدىغان مانجۇ سانغۇنلارنىڭ قولىدا ئىدى.(225) كۆرۈنۈپ

تۇرغىنىدەك، مانجۇلار سەددىچىنىنىڭ جەنۇبىدا قوش قۇرۇلمىلىق، بىر ـ بىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلار تورى شەكىللەندۈرگەن. بۇ سىستېمىدا خىتايلارغىمۇ ئورۇن بېرىلگەن، لېكىن بۇلار ھەرۋاقىت بىر مانجۇ ئەمەلدار تەرىپىدىن نازارەت قىلىنغان.

مانجۇلار خىتاينى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ھەربىي تەشكىلىي سىستېمىغا قوشقان يەنە بىر قۇرۇلما خىتايلاردىن تەشكىل تاپقان يېشىل باتالىيون (绿营) ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان ئەسكەرلەرنىڭ قايتىدىن تەشكىللىنىشىدىن ۋۇجۇدقا چىققان قىسىم ئىدى (بۇ گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ قالدۇقلىرىدىن «بىڭتۇەن» تەشكىللەشكە ئوخشاپ كېتىدۇ، ت). چىڭ سۇلالىسى تامامەن خىتاي ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان بۇ يېشىل باتالىيونلارنى كىچىك قىسىملارغا بۆلۈپ، پۈتكۈل خىتاي مىقياسىغا تارقاق ئورۇنلاشتۇرغان. يېشىل باتالىيوندىكى ئومۇمىي ئەسكەر سانى تۇغلۇق قوشۇنلاردىكى ئەسكەرلەرنىڭكىدىن كۆپ بولسىمۇ (236)، تېخىمۇ توپلاشقان ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇغلۇق قوشۇنلار يەنىلا خانلىقنىڭ ئاساسلىق ھۆججەتچى كۈچى ئىدى. يېشىل باتالىيون بولسا تىنچ ساقلاش ئۈچۈن، يەرلىك ساقچىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلاتتى.

شۇ سەۋەبتىن، مانجۇلار خىتاينى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئەنئەنىۋى خىتايچە سىستېمىدا مەۋجۇت بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ بەزىلىرىنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۇغلۇق قوشۇنلارغا ئوخشاش ئۆز سىستېمىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئېلېمېنتلارنىمۇ كىرگۈزگەن.

## 3. چېگرا سىياسىتى

مانجۇلارنىڭ چېگرا سىياسىتى ئارىسىدا، ئۆز يۇرتىغا قاراتقان سىياسەت دىققەتنى تارتىدۇ. مانجۇلار چىڭ سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، مانجۇرىيەدىكى خىتايلارنى چىقىرىۋەتكەن ھەمدە ئانا يۇرتى بولغان بۇ رايونغا خىتاي دېھقانلارنىڭ يەرلىشىشىنى چەكلىگەن. خىتاي تىجارەتچىلەر بولسا پەقەت تىجارىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇددەتتە مانجۇرىيەدە تۇرالايتتى. بۇ موڭغۇللارنىڭ ئۆرنىكى نەزەردە تۇتۇلغان ھالدا، خىتايدا قىيىن ئەھۋالدا قالغان تەقدىردە، ئانا يۇرتىنى (يەنى مانجۇرىيەنى) پاناھگاھ سۈپىتىدە قوغداش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەر ئىدى.(227) يەنە بىر تەرەپتىن، چىڭ سۇلالىسى ئانا يۇرتىدىكى مانجۇلارنىڭ قوشنا دىياردىكى موڭغۇللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چەكلەش ئۈچۈنمۇ بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانغان. چىڭ سۇلالىسى بۇ خىل ئايرىۋېتىش سىياسىتى ئارقىلىق مانجۇلارنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى.(228)

چىڭ سۇلالىسى مانجۇرىيەنى ھەربىي ۋالىيلار ئارقىلىق باشقۇراتتى. خاندانلىق مانجۇرىيەنى شىڭجىڭ، جىلىن ۋە خېيلوڭجياڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىگە بۆلۈپ، بۇ يەرلەرنى ئىدارە قىلىش

ھوقۇقىنى ھەربىي ۋالىيلارغا تاپشۇردى. دەسلەپتە بۇ يەرگە تەيىنلەنگەن ھەربىي ۋالىيلارنىڭ كۆپىنچىسى خانلىق بىلەن قۇدا-باجىلىق ۋە ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان، ختايلاشقان مانجۇلار ئىدى. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى چېگرانى مۇداپىئە قىلىش، دۆلەت ئامبارلىرىنى تەسىس قىلىش، چېگرا رايونلاردىكى قەبىلىلەرنى تىزگىنلەش، ئولپان سىستېمىسىنى نازارەت قىلىش، ختاي بىلەن مانجۇرىيە ئارىسىدا راۋان خەۋەر ۋە ترانسپورت تورى قۇرۇش، تۇغلۇق قوشۇنلارنى مەشقلەندۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن، خانلىق مانجۇرىيەگە ئەۋەتىلگەن ھەربىي ۋالىيلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كۈچ مەركىزىگە ئايلىنىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۇغلۇق قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىرىدىن بەزىلىرىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان رايوندىكى باشقا تۇغلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل قىلاتتى. شۇ تەرىقىدە، ھەربىي ۋالىيلارنىڭ تۇغلۇق قوشۇنلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، خانلىق ھەربىي ۋالىيلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن يەنە باشقا بىر مېخانىزم بەرپا قىلغانىدى. بۇ مېخانىزم مەركىزىي تەشكىلىي سىستېمىدىكى ئالتە نازارەتنىڭ بەشىنىڭ مانجۇرىيەدىمۇ ئۆز پېتى تەسىس قىلىنىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغانىدى.(229) بۇ نازارەتلەر ئۆز ۋەزىپىلىرىگە ئالاقىدار خۇسۇسلاردا بىۋاسىتە مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشەتتى ۋە ھەربىي ۋالىيلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەس ئىدى.(230) شۇ ۋەجىدىن، ھوقۇقدار تۇغ بەگلىرىنىڭ ۋە رايوندىكى نازارەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈپەيلى، رايوندىكى ھەربىي ۋالىيلارنىڭ ھوقۇقى تولىمۇ چەكلىك ئىدى.

شۇ تەرىقىدە، مەركىزىي ھۆكۈمەت مانجۇرىيەدە ئۆزىگە قارشى مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق ھەرىكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ، ھوقۇق ساھەلىرى ئېنىق تەبىرلەنمىگەن، ھەربىر ئەمەلدار يەنە بىرىنىڭ نازارەتچىسى بولغان بىر تۈزۈلمە ئورناتقان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل قەبىلىلىرىگە قاراتقان سىياسىتىگە كەلسەك، بۇ موڭغۇللارنىڭ مانجۇلارغا ئىتائەت قىلىش جەريانى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مانجۇلار ختاينى ئىستېلا قىلىشتىن ئىلگىرىلا ئۆزىگە قوشنا بولغان بىر قاتار موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەنىدى. 1636-يىلىلا، جەنۇبىي موڭغۇللار (231) مانجۇلارغا ئىتائەت قىلغانىدى. «كالكا» دەپ ئاتالغان شىمالىي (شەرقىي) موڭغۇللارمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھەم ئۆز ئىچىدىكى نىزالار، ھەم جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە بارغانسېرى مانجۇلارغا يېقىنلاشقان. نەتىجىدە، 1691-يىلى جەنۇبىي ۋە شىمالىي موڭغۇللارنىڭ پۈتكۈل ئاقساقاللىرى بىر قۇرۇلتايدا توپلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مانجۇلارغا بېقىنغانلىقىنى جاكارلىغان.(232) مانجۇلارنىڭ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار تېخى شىمالىي موڭغۇلىيەنى قولغا كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرىلا، ئۇلارغا قارشى جەنۇبىي موڭغۇلىيەدىكى ئىتتىپاقداشلىرىدىن پايدىلىناتتى. شۇنداقلا، جەنۇبىي موڭغۇلىيەدىكى قەبىلىلەرگە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلىش ئارقىلىق، شىمالدىكىلەرنىمۇ ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇناتتى. 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى

يېرىمىدا، شىمالىي موڭغۇلىيەگە قارىتا ھىمايە سىياسىتى يۈرگۈزگەن چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارغا قارشى شىمالىي موڭغۇلىيەدىكى قەبىلىلەرنى قوللاشقا باشلىغان. 1691 ـ يىلىدىكى قۇرۇلتاي مانجۇلارنىڭ ئەنە شۇ خىل ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى موڭغۇل قەبىلىلىرىگە قارىتا، بىر تەرەپتىن «پارچىلاپ باشقۇرۇش» سىياسىتى يۈرگۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى قاتارىدا ھېسابلىغان. بۇنىڭدا، ختاينى ئىستېلا قىلىشتىن ئىلگىرىلا جەنۇبىي موڭغۇللارنى ئۆزگە قارام قىلغانلىقى ھەمدە ختاينى ئىستېلا قىلىش جەريانىدا موڭغۇللارنىڭ پايدىسىنى كۆرگەنلىكى زور رول ئوينىغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى دەسلەپكى مەزگىللەردە موڭغۇللار بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. ختاينى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىنمۇ، مانجۇلار موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بەگلىرىگە قىز بېرىش ۋە موڭغۇللارنىمۇ ئۆز سەلتەنەتى داۋامىدا مانجۇلارغا ئوخشاشلا ختايلاردىن ئۈستۈن تۇتۇش ئارقىلىق، بۇ خىل ئىتتىپاقداشلىقنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشقان. چىڭ سۇلالىسى مەزكۇر موڭغۇل قەبىلىلىرىگە ئۆزىنىڭ يۇەن سۇلالىسىنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىنى تەلقىن قىلغان. شۇ تەرىقىدە، چىڭ سۇلالىسى تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر، «مانجۇ ـ موڭغۇل ئىتتىپاقى»لىق خۇسۇسىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

مانجۇلارنىڭ موڭغۇللارغا قاراتقان سىياسىتىدىكى تۈپ نىشان بۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتىدا ئۆز ئالدىغا ئۇيۇشۇپ ياكى جۇڭغارلارغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ، يېڭى موڭغۇل ئىتتىپاقى بەرپا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ئۆزى ئىتتىپاقلاشقان جەنۇبىي موڭغۇلىيەدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن باشلاپ، موڭغۇللار ئارىسىدا بىر قاتار مەمۇرىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، موڭغۇللار ياشايدىغان زېمىنلارغا ئايرىم ـ ئايرىم پاسىللار بېكىتىلىپ، مەلۇم بىر تەۋەلىكتە ياشىغان موڭغۇللارنىڭ پاسىللىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن يەنە بىر تەۋەلىككە ئۆتۈشى چەكلەنگەن.(233) بۇ ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدا پات ـ پاتلا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان يايلاق تالىشىش جېدەللىرىنىڭ ئالدى ئېلىنغان، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئورتاق كۈچ بىلەن ئۇيۇشۇشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىنغان.(234) بۇنىڭدىن سىرت، موڭغۇل بەگلىرىگە نام ـ ئاتاقلارنىڭ بېرىلىشى، بۇلارنىڭ دۆلەت ئەمەلدارلىرى ھېسابلىنىپ، ھۆكۈمەتتىن مائاش ئېلىشى ۋە قەرەللىك ھالدا پادىشاھنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، موڭغۇل بەگلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بولغان ساداقىتىگە كاپالەتلىك قىلىنغان. مانجۇلار 1638 ـ يىلىلا موڭغۇللارغا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا «بېقىندىلار ئىشلىرى مەھكىمىسى» (理藩院) دەيدىغان ئاپپاراتتىن بىرنى تەسىس قىلغان. «بېقىندىلار ئىشلىرى مەھكىمىسى» ئالتە نازارەت سىستېمىسىنى ئۈلگە قىلغان ھالدا تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر نازارەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسى كېڭەيگەنسېرى، مەزكۇر

مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلارمۇ ۋە مەسئۇل بولغان ئىشلارنى تۈرى كۆپەيگەن. دەسلەپتە پەقەت موڭغۇللارغا ئالاقىدار ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈنلا قۇرۇلغان بۇ مەھكىمە 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، تىبەت، شەرقىي تۈركىستان، غەربىي تۈركىستاندىكى بەزى خانلىقلار ۋە شەھەرلەر، شۇنداقلا رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە مەسئۇل بولغان.(235)

چىڭ سۇلالىسى بىر تەرەپتىن بىۋاستە موڭغۇللارغا قارىتا تەدبىر قوللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇللار ئارىسىدا زور نوپۇزغا ئىگە بولغان دالاي لامانى تىزگىنلەشكە ۋە شۇ ئارقىلىق موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. بۇ سىياسەت جەھەتتە، مانجۇلارنىڭ رەقىبى جۇڭغارلار ئىدى. چۈنكى، جۇڭغارلار بىر تەرەپتىن شىمالىي موڭغۇلىيە بىلەن بىرلىشىپ، بىر موڭغۇل ئىتتىپاقى قۇرۇشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دالاي لامادىن پايدىلىنىشنىڭ كويىدا ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ يەردە تىبەتنىڭ چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى ھەققىدە توختىلىش مانجۇ ـ جۇڭغار كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى چۈشىنىش جەھەتتە پايدىلىقتۇر. جۇڭغار خانى غالدان (1676~1697) ئۇ چاغدا تېخى يېشى كىچىك بولغان ئالتىنچى دالاي لامانىڭ ۋەكىلى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەنىدى. موڭغۇللارنىڭ يەنە بىر قەبىلىسى بولغان ۋە كۆكنۇر (ئاتالمىش «چىڭخەي») رايونىدا (236) ياشايدىغان خوشۇتلار بولسا چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەنىدى. 1705 ـ يىلى خوشۇتلار لىخاساغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالتىنچى دالاي لامانى ئەسىر ئېلىپ، ئۇنىڭ ۋەكىلىنى ئۆلتۈرۈشتى. ئالتىنچى دالاي لاما خىتايغا ماڭدۇرۇلغان يولدا ئۆلگەندىن كېيىن، خوشۇتلارنىڭ ئاقساقىلى لاپساڭ خان ئۆزى ئېلان قىلغان يەتتىنچى دالاي لامانى تىبەتلەرگە قوبۇل قىلغۇزالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭغارلار تىبەتكە بېسىپ كىردى ۋە 1717 ـ يىلى لاپساڭ خان ئۆلدى. بۇنىڭغا قارىتا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭشى 1720 ـ يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ، لىخاسانى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالدى. ئاندىن، يېڭى بىر يەتتىنچى دالاي لاما قوبۇل قىلىنىپ، لىخاسانىڭ تاملىرى يۇيۇلدى. تىبەتنىڭ بىر قىسمى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولمىش سىچۇەنگە تەۋە قىلىندى. يەنە بىر قىسمىنىڭ شەرقىي رايونلاردا، بىر تۈركۈم كىچىك تىبەت قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياششىغا رۇخسەت قىلىنىپ، بۇ ئاقساقاللارغا مۆھۈر بېرىلدى. تىبەتنىڭ قالغان قىسمىدا بولسا دالاي لامانىڭ ھاكىمىيىتى داۋاملاشتى. لېكىن، پايتەخت لىخاسادا بىر خىتاي گارنىزونى قۇرۇلۇپ، بۇ يەرگە ئىككى نەپەر خىتاي ئەمەلدار ئەۋەتىلدى. ھالبۇكى، بۇ ئەمەلدارلار ئۇ مەزگىلدە يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى، خالاس. بۇنىڭغا قارىتا، چىڭ سۇلالىسى لاما دىنىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم خىتايدا، ھەم موڭغۇلىيەدە نۇرغۇن بۇتخانىلارنى سالدۇرغان ۋە دالاي لامانىڭ دىنىي تەسىرى شۇ شەكىلدە مۇئەييەن دەرىجىدە كۈچەيگەنىدى.(237)

1788~1792 ـ يىللىرى ئارىسىدا، گۇركالار (238) ھۇجۇم قوزغاپ، تىبەتنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغانلىقى سەۋەبلىك، چىڭ سۇلالىسى ئون مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇن ئەۋەتىپ، گۇركالارنى تىبەتتىن قوغلاپ چىقاردى. چىڭ سۇلالىسى شۇ قېتىم تىبەتكە كىرگەندىن كېيىن جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئالدى بىلەن نوپۇس ھېسابلاپ، باج تۈزۈلمىسىنى يېڭىدىن تەرتىپكە سالدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەرلىك خەلق ئەسكەرلىرى قىسمى قۇرۇلغان، شۇنداقلا تىبەتلەرنىڭ ياتلار بىلەن

بىۋاستە ئۇچرىششى چەكلەندى. تىبەتلەر پەقەت مەزكۇر رايونىدىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، ئاندىن ياتلار بىلەن ئۇچرىشالايتتى. ئەڭ مۇھىم ئىككى ئۆزگىرىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ رايونغا ئەۋەتىلگەن ئىككى نەپەر مەمۇرىي ئەمەلدارىنىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ دالاي لامانىڭ ئۈستىگە چىقىرىلغانلىقى ۋە دالاي لامانىڭ چەك تارتىش ئارقىلىق تاللىنىدىغان بولغانلىقى ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، دالاي لاما شۇنىڭدىن كېيىن بىۋاستە ئېلان قىلىنماستىن، ئۇنىڭ ئورنىغا، «قايتا تۆرىلىش» ئارقىلىق دالاي لامانىڭ روھىغا ئۆتۈشى مۇمكىن دەپ قارالغان بىر قانچە بالا نامزات تېپىپ چىقىلاتتى ۋە چىڭ سۇلالىسى ئەۋەتكەن مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھۇزۇرىدا، شۇ بالىلارنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلىنىپ، كىمنىڭ يېڭى دالاي لاما ئىكەنلىكى بەلگىلىنەتتى. بۇ تۈزۈم تاكى چىڭ سۇلالىسى يىقىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى.(239)

مانا بۇ تەرىقىدە، مانجۇلار (چىڭ سۇلالىسى) جۇڭغارلار بىلەن بولغان تىركىشىشلىرىدە ھەم دالاي لامانىڭ دىنىي تەسىرنى كۈچەيتتى، ھەم مۇڭغۇللارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەھەتتە دالاي لامانىڭ دىنىي تەسىردىن پايدىلاندى. رىقابەتتىكى تەڭپۇڭلۇق ئاساسىنى ئۆزگەتكەن ۋە جۇڭغارلارنىڭ مۇتلەق ھالاك بولىشىغا شاراھىت ھازىرلىغان يەنە بىر ئامىل — رۇسىيەنىڭ  رايوندا تەسىر كۈچىنى نامايەن قىلىشقا باشلىشىدۇر. رۇسىيەنىڭ سىبىرىيەگىچە كېڭىيىشى نەتىجىسىدە مانجۇلار شىمالدا رۇسىيە بىلەن قوشنا بولغانىدى. 17 ـ ئەسىردە مانجۇلار بىلەن رۇسلار ئارىسىدا چېگرا مەسىلىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىر تەرەپتە شىمالدىكى رۇسىيە، يەنە بىر تەرەپتە غەربتىكى جۇڭغارلار مانجۇلار ئۈچۈن خەتەرلىك ئىككى رەقىپ ئىدى. رۇسىيە ئۈچۈن جۇڭغارلار كۈچلۈك بىر تەھدىت ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى، شۇنداقلا جۇڭغارلار خىتايلار بىلەن تىجارەت قىلىش مايىللىقىدا ئىدى. بۇ سەۋەبلىك، يېقىندىكى تەھدىت ھېساپلانغان جۇڭغارلارغا قارشى خىتايلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش رۇسلارغا نىسبەتەن كۆڭۈلدىكىدەك قارار ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، 1689 ـ يىلى نەرچىنسكتە ئۇچراشقان رۇس ۋە مانجۇ ھەيئەتلىرى بىر كېلىشىم تۈزۈشتى. بۇ كېلىشىمدە ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا بىر چېگرا بەلگىلەش، رۇسلار ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى ھەققى بارلىقى داۋا قىلىشتىن ۋاز كېچىش، بۇ مەقسەتتە بىنا قىلغان ئابازىن قەلئەسىنى يوق قىلىش، مانجۇلار تەرەپتىن ئۆزگە قېچىپ كەلگەن كىشىلەرنى مانجۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىش قاتارلىق ۋەدىلەر مەۋجۇت ئىدى. شۇنداقلا، بۇ كېلىشىم ئارقىلىق، ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ زېمىنىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن پۇقرالىرىنىڭ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىشىغا رازىمەنلىك بىلدۈرشكە ۋە ئۇلارنىڭ جازالاشقا ۋەدە بېرىشتى. بۇ كېلىشىمگە بىنائەن، خىتتايغا تىجارەت ئۈچۈن بارماقچى بولغان رۇسلار مانجۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلىرى ئارقىلىق بۇ ھەقتە رەسمىي كېنىشكە بېجىرىشى كېرەك ئىدى.(240)  بۇ كېلىشىمنىڭ جۇڭغارلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئەڭ مۇھىم نۇقتىلىرى — مانجۇلارنىڭ روسلار بىلەن كېلىشىش ئارقىلىق ئالدىنقى سەپلىرىنى تارايتقانلىقى، رۇسىيەدىن پاناھلىق تىلىگەنلەرنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقى ھۆكمى يۈزىسىدىن جۇڭغار خانلىرىنىڭ قېيىن ئەھۋالغا يولۇققاندا سىبىرىيەگە قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىش

يولنى توسقانلىقى ئىدى. مانجۇلار مانا بۇ تەرىقىدە پۈتۈن دىققىتىنى جۇڭغارلارغا مەركەزلەشتۈردى ۋە بۇ پەيتتىن ئېتىبارەن جۇڭغارلارغا قارشى ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا باشلىدى.

ئاقىۋەتتە، مانجۇلار (چىڭ سۇلالىسى) 1745 ـ يىلى جۇڭغار خانى غالدانىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن باشلانغان قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ، 1755 ـ يىلى جۇڭغارلار ھاكىمىيىتىنى يوقاتتى. 1959 ـ يىللىرىدا بولسا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. مانجۇلار بۇ رايونلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، مۇڭغۇللارنىڭ باشقا رايونلىرىنى باشقۇرۇش سىياسىتىگە ئوخشاش ھالدا، جۇڭغارىيەنىمۇ ئايماقلارغا بۆلۈپ كونترول قىلدى.(241) بىراق، مانجۇلار ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋە تۇرپاننى ئايماق سىستېمىسى بويىچە ئەمەس، ختايدا قوللانغان ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىش سىياسىتى بويىچە باشقۇردى. قۇمۇل ۋە تۇرپان بەگلىرى مانجۇلارنىڭ قەشقەر رايونىنى قولغا چۈشۈرۈشىدە چوڭ پايدىلىق خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبلىك، بۇ ئىككى رايوننىڭ بەگلىرىگە ۋاڭلىق ئۇنۋانى بېرىپ، بۇ ۋاڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوردا تەرىپىدىن چوڭ ئېتىبار بېرىلگەن، شۇنداقلا بۇلارغا مۇڭغۇل بەگلىرىگە قىلىنغىنىدەك نۇرغۇن ئىمتىيازلار بېرىلگەن. بۇ ۋاڭلارغا بېرىلگەن ئىمتىيازلار تاكى مانجۇ ئىمپراتورلۇقى داۋام قىلغانغا قەدەر ساقلىنىپ قالاتتى.(243)

خۇلاسىكالام، مانجۇلار 17 ـ ئەسىردە ئۆزلىرى ياشىغان جۇغراپىيەلىك شارائىت، شۇنداقلا مىڭ سۇلالىسى دۇچ كەلگەن كىرىزىسلار پەيدا قىلغان ئەۋزەللىكلەردىن پايدىلىنىپ ختاينى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىپ، ختايدا يېڭى بىر خاندانلىق (يەنى چىڭ سۇلالىسى) قۇرغان ئىدى. مانجۇلار بۇ خاندانلىقنى قۇرغىنىدا ختاينىڭ ئەنئەنىۋى نەيرىڭى بولغان «پارچىلا ۋە ھاكىمىيەت ئاستىڭغا ئال» سىياسىتىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، سابىق خاندانلىقنىڭ كاتتىلىرىدىنمۇ پايدىلانغان. لېكىن، مانجۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت سىستېمىسىدا ختايغا ئائىت بولمىغان يېڭى ئۇسلۇبلارنى ۋە باشقۇرۇش شەكىللىرىنى قوللانغان. ئايماق بىرلىكلىرى، مانجۇ ۋە ختاي مەمۇرلارنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىغا تەڭداش شەكىلدە تەقسىملىنىشى، مانجۇ مەمۇرلارنىڭ ختاي مەمۇرلاردىن ئۈستۈن تۇتۇلۇشى قاتارلىقلار مانجۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس باشقۇرۇش شەكىللىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ باشقۇرۇش شەكىللىرى يات مىللەتنىڭ ختايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

(مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدە) ختاينىڭ سىرتىدىكى رايونلار جۈملىسىدىن بولغان تىبەتتە، تىبەتلىكلەرنىڭ يات مىللەتلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت ئورنىتىشى چەكلەنگەن، سىياسىي ئورنى دالاي لامادىن ئۈستۈن بولغان ئىككى ختاي مەمۇر رايونغا ۋەزىپىگە قويۇلغان، دالاي لامانىڭ تاللىنىشى يېڭىدىن بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا دالاي لامانىڭ دىنىي تەسىرى كۈچەيتىلگەن.

(مانجۇلارنىڭ) چىڭ خاندانلىقى مانجۇرىيەگە ۋە مۇڭغۇللار رايونىغا ختايلارنىڭ كۆچۈشىنى چەكلىگەن، شۇنداقلا مۇڭغۇللارنىڭ ئۆز ـ ئارا ئالاقە ئورنىتىشىنى چەكلىگەن. مۇڭغۇل بەگلىرىگە ئۇنۋان ۋە ھەدىيەلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز تىزگىنىدە تۇتقان. شۇنداقلا، مۇڭغۇللارنى ختايغا قارشى

ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى سۈپىتىدە تۇتۇشقا كۆچىگەن. مۇڭغۇللارغا بۇ خىل ئەھمىيەت بېرىشتە بەزى مۇھىم سەۋەبلەر بار بولۇپ، بۇ سەۋەبلەردىن بىرى مانجۇلار ئۆز بىرلىكىنى شەكىللەندۈرۈش پەيتىدە بەزى مۇڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئۇلارغا ھەمدەم بولۇشى سەۋەبلىك ئۆز-ئارا ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەنلىكى ئىدى. سەۋەبلەردىن يەنە بىرى بولسا، مانجۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ جەنۇبىدىكى نوپۇسىنىڭ خىتايلارغا نىسبەتەن ئاز سانلىق بولۇپ قېلىش كەمچىلىكىنى مۇڭغۇللار ئارقىلىق تولۇقلاش ئارزۇسى يۈزىسىدىن، مۇڭغۇللارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقان. بۇ جەھەتتىكى ئۈچىنچى سەۋەب، چىڭگىزخانىنىڭ مىراسخورلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان جۇڭغارلارغا قارشى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرىنىڭ مانجۇلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ۋە بۇ ئارقىلىق مۇڭغۇللارنىڭ جۇڭغارلارغا ئېغىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.

مانجۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، يۈكسىلىشى، ئۆزلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن رايونلار ۋە قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى — ئۇلارنىڭ ئىمپىراتورلۇق سىياسەتلىرىنى بەلگىلىگەن ئىدى. مانجۇلار قەشقەردە تەسىس قىلغان ھاكىمىيىتى ۋە قەشقەردە يۈرگۈزگەن سىياسىتى يۇقىرىقىدەك ھاكىمىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى مەلۇمدۇر.

كونۇر ئالىپ ئەرجىلاسۇنىنىڭ «قەدىمكى تارىخى دەۋرلەردىن 19-ئەسىرگىچە بولغان دەۋردىكى قەشقەر» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# بالىلاردا سېخىيلىقنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟

دوكتور پامېلا بروۋن

# بالىلاردا سېخىيلىقنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟

دوكتور پامېلا بروۋن

ئاچقۇچلۇق نۇقتىلار

* بالىلار بىلەن ھېسسىيات توغرىسىدا پاراڭلىشىش ۋە ئۇلارغا باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى ئۆگىتىش سېخىيلىقنى يېتىلدۈرۈشكە ئاساس سالىدۇ.

* ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ سېخىيلىق قىلسا، بالىلار بۇنى ئاتا-ئانىلىرىدىن ئۆگىنىۋالىدۇ.

* ئاغزاكى ماختاش ئارقىلىق بالىڭىزنىڭ سېخىيلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ سېخىيلىقىنى قانچىلىك مۇھىم بىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ.

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ مەكتەپ ۋە تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تونۇش جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. لېكىن سىرت، بالىلىرىدا يۇمشاق سۈپەتلەرنى (Softer quality) يېتىلدۈرۈشنى خالايدۇ. سېخىيلىق شۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم سۈپەتلەردىن بىرى. چۈنكى، سېخىيلىق بالىلار ئىشتىراك قىلغان مۇناسىۋەتلەرنى ۋە كوللېكتىپنى كۈچەيتىدۇ.

ھەيران قالارلىق بىر نۇقتا شۇكى، گەرچە ياشتا چوڭلار كىچىكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ سېخىي بولسىمۇ، ئەمما بىز ناھايىتى كىچىك بالىلاردىمۇ سېخىيلىقنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرەلەيمىز. يېقىنقى بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، 15 ئايدىن 18 ئايغىچە بولغان بالىلار ئۆزلىرى تونۇمايدىغان باشقا بىر بالا بىلەن ئويۇنچۇقتىن تەڭ بەھرىلىنىشنى خالايدىكەن. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، سانائەتلىشىش دەرىجىسى تۆۋەنرەك دۆلەتلەردە ياشايدىغان كىشىلەر سانائەتلەشكەن دۆلەتلەردە ياشايدىغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ سېخىي بولۇپ، ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا سېخىيراق كېلىدىكەن.

سېخىيلىقتىن مەنپەئەتلىنىش ئەلۋەتتە ھەركىمگە خۇشياقىدۇ، ئەمما مەزكۇر تەتقىقات يەنە شۇنى كۆرسەتتىكى، باشقىلارغا بېرىش — بەرگۈچىگىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر

باشقىلارغا بىر نەرسە بەرگەندە خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. گەرچە ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئوخشاش دەرىجىدە ئاكتىپ ھېسسىياتقا ئېرىشمىسىمۇ، ئەمما سېخىيلىقنى ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقىغا ئائىت پاكىتلار بار. سېخىيلىق ھەم شەخسىي مۇناسىۋەتلەرنى، ھەم تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك جەمئىيەتنى كۈچەيتىدىغان بولغاچقا، بالىڭىزنىڭ بېرىش ئىقتىدارىنى (يەنى سېخىيلىقنى) تەرەققىي قىلدۇرۇش ھېچقاچان بالدۇرلۇق قىلمايدۇ.

ئۇنداقتا، بالىلىرىمىزدا سېخىيلىقنى قانداق يېتىلدۈرىمىز ۋە ئۇلارنى سېخىي بولۇشقا قانداق ئىلھاملاندۇرىمىز؟ تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بەزى تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

## ھېسداشلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ھېسسىيات ھەققىدە پاراڭلىشىش

بالىلارنىڭ باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىگە ۋە ئۇنى ئېنىق تۈرلەرگە ئايرىشىغا ياردەم بېرىش ياخشى باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. ئۇلاردىن قايسى قىلمىشلارنىڭ مۇئەييەن ھېسسىياتقا دالالەت قىلىدىغانلىقىنى سوراڭ. ئۇلاردىن كونكرېت ھېسسىياتلارغا ياندىشىپ كېلىدىغان بەدەن تىلىنى تەسۋىرلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ. بالىڭىزنىڭ ھەرىكىتىنىڭ باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆرسىتىپ بېرىڭ. بالىڭىز بىلەن بولغان بۇ خىل پاراڭلاردا تەرەققىي قىلغان ھېسداشلىق بالىڭىزنىڭ سېخىيلىشىشىغا ئاساس سالىدۇ.

بالىلىرىڭىز بىلەن سېخىيلىقنىڭ ھەم بەرگۈچىگە، ھەم قوبۇل قىلغۇچىغا كۆرسىتىدىغان ئاكتىپ تەسىرىنى مۇلاھىزە قىلىڭ. ئۇلاردىن ياردەم ياكى ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىش ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ ھېسسىي مۇكاپاتلىرىنى (emotional reward) تەسۋۋۇر قىلىشنى ۋە پەرقلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىڭ.

## بالىڭىزنى ئىلھاملاندۇرماقچى بولغان ھەرىكەتنى ئۆزىڭىز ئۈلگە بولۇپ قىلىڭ

بالىلىرىڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈشكىڭىزنى ئارزۇلايدىغان پەزىلەتلەرنى ئۆزىڭىز ئۈلگە بولۇپ قىلىشىڭىز ئەھمىيىتىگە سەل قارىماڭ. بالىلار ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ۋە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. بالىلار بىلەن ھەمپىلىشىدىغان بىزگە ئوخشاش تەربىيەچىلەر بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىنى دورىغانلىقى ياكى ئاتا-ئانىلارنىڭ نەزىرىدىكى شەخسىي ئائىلە پاراڭلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى ھەققىدە سان-ساناقسىز ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئۆز قىلمىشىڭىز ئارقىلىق بالىلىرىڭىزغا قانداق سىگنال بېرىۋاتقانلىقىڭىزغا دىققەت قىلىڭ.

سىز باشقىلارغا ياردەم بېرىش، ئورتاقلىشىش ياكى ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق سېخىيلىقنى ئۆز ھەرىكىتىڭىز بىلەن نامايەن قىلالايسىز. مەھەللىدە پىدائىيلىق قىلسىڭىز، بالىلارغا باشقىلار ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىشنىڭ سېخىيلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيسىز. بالىڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرمەكچى بولغان سۈپەتلەرنى ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز نامايان قىلغىنىڭىزدا، سىز ئۆز ياردىمىڭىزنىڭ تاپشۇرۇۋالغۇچىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئىچىڭىزدە قوزغىغان ئاكتىپ ھېسسىياتىنى بالىڭىز بىلەن ئورتاقلىشالايسىز. بالىغا يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا كۆيۈنگەن ئاساستا ياخشىلىق قىلغانلىقىنى بىلىشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك؛ مەمنۇن بولۇش ئۈچۈن ھەمىشە ياردەمگە ئېرىشكۈچىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ياكى ماختىشىغا ھاجەت يوق.

## باشقىلار بىلەن ھەمبەھىرلەشكە ۋە ئۇلارغا قۇچاق ئېچىشقا ئويۇن ئارقىلىق ئىلھام بېرىش

بالىلارنىڭ پائالىيەتلەر جەريانىدا باشقىلارغا قۇچاق ئېچىشى (Inclusion) — ئۆزى ئامراق ئويۇنچۇقنى باشقىلار بىلەن تەڭ ئويناش ياكى قىزىقارلىق پائالىيەتتە نۆۋەتنى ئۆتۈنۈپ بېرىش شەكلىدە نامايەن بولىدۇ بولىدۇ. ئورتاقلىشىش باشقىلارنىڭ ئاكتىپ كەچۈرمىشكە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئۆز ھوزۇرىدىن ۋاقىتلىق ۋاز كېچىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بەلكىم ماھارەتسىز ياكى ئانچە چوڭ بولمىغان بالىلارنى ئويۇنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىشنى؛ ياكى ئويۇننى ئوخشىمىغان قائىدىلەر بويىچە ئويناشنى ئويلايدىغان، ئەمما شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى قوبۇل قىلىنغاندەك ھېس قىلىدىغان تەڭتۇشلارغا يول قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. بالىڭىزنىڭ باشقىلارغا قۇچاق ئېچىشىنىڭ باشقىلاردىكى تەۋەلىك تۇيغۇسىنى قانداق كۈچەيتىدىغانلىقىنى ۋە باشقىلار بىلەن ئاكتىپ رىشتە باغلاش ئارقىلىق قانداق خۇشاللىق تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇشىغا ۋە چۈشىنىشىگە ياردەم قىلىڭ.

## بالىلاردىكى ۋە باشقىلاردىكى سېخىيلىقنى مۇكاپاتلاش

بالىڭىز سېخىيلىق قىلغاندا ئۇنى ئېتىراپ قىلىڭ ۋە ماختاڭ. باشقا قىلمىشلاردىكىگە ئوخشاشلا، سېخىيلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ قىممىتىنى تەكىتلەشكە ياردەم بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ئاشۇ خىل قىلمىشنى تەكرارلاش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرىدۇ. مەخسۇس بالىلاردىكى مۇشۇ خىل ھادىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پسىخولوگلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئەمەلىي مۇكاپات ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئاغزاكى ماختاش شەكلىدىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۇلارنى بۇ خىل قىلمىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا تېخىمۇ بەك ئىلھاملاندۇرىدىكەن. سىز مەيلى رېئال تۇرمۇشتىكى مىساللار ياكى كىتابتىكى ئۆرنەكلەر ئارقىلىق، باشقىلارنىڭ سېخىيلىقىنى بالىڭىزنىڭ سەمىگە سالسىڭىز بولىدۇ.

شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، سېخىيلىقنى يېتىلدۈرۈش جەريانى سىز بالىڭىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە كۆرمەكچى بولغان باشقا ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ئوخشاشتۇر. سىز بۇ جەھەتتە ئۆزىڭىز ئۈلگە بولۇشىڭىز، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىڭىز ۋە سەۋرچان بولۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر سېخىيلىق قىلمىشى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا قايتا ـ قايتا تەكرارلانسا، ئۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنى تېخىمۇ ئىنچىكە ئۇسۇلدا كۆرۈپ يېتىدۇ ھەمدە بۇ ئۇلارنىڭ كىملىكى ۋە قىلمىش ئەندىزىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/school-culture/202312/how-to-foster-the-value-of-generosity-in-your-children



# ئابلىمىت قۇربان

**ئابلىمىت قۇربان**

(سەرگەردان)

مەن بىر ئۇيغۇر دېھقان
يەر مېنىڭ ئەمەس
ئۆي مېنىڭ ئەمەس
ۋاقىت مېنىڭ ئەمەس
ئېتىز مېنىڭ ئەمەس
سۇ مېنىڭ ئەمەس

ئىچىمدىن كېلىدۇ شۇنداق بىر ۋولقان
جاھان سېنىڭ ئەمەس
ئاسمان سېنىڭ ئەمەس
زېمىن سېنىڭ ئەمەس
مەن سېنىڭ ئەمەس
سەن — چاقىرىلمىغان مېھمان

بايراق چىقىرىشتا
ھاشارلاردا سىلكىشلىنىشتە
يىغىنلاردا تەنقىتلىنىشتە
ھەر دائىم بىر سوئال كاللامدا زاھىر
مەن بۇ جاھانغا نېمە ئۈچۈن يارالغان

بۇغداي تېرىيمەن
شوخلا تېرىيمەن
قوناق تېرىيمەن
بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن ئولپان

سايىلەرنى ھەر كۆرگەندە

سولىمەن، قۇرۇيمەن، چەكسىز قېرىيمەن

ئوغۇللىرىم نەدە
قىزلىرىم نەدە
نەۋرىلىرىم نەدە
تۇتۇلۇپ كەتتى
ئېتىلىپ كەتتى
ئىز دېرەكسىز يوقۇلۇپ كەتتى
ھەممىگە سىر، يوچۇن ۋەقەدە

يەرشارىنىڭ ئۆگەي بالىسى بىز
ئەي دۇنيا، بەرمە بىزگە قۇرۇق ۋەدە.



# تالىباننىڭ خىتاي ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشەلەشى ھەققىدە

روشەن نۇرزائىي

# تالىبانىنىڭ خىتاي ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئېتراپىغا ئېرىشەلەش مەسىلىسى ھەققىدە

روشەن نۇرزائىي

(بۇ ماقالە «ئامېرىكا ئاۋازى» توربېتىدە ئېلان قىلىنغان)

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، گەرچە خىتاي ئافغانىستاندىكى تالىبان ھاكىمىيىتىنى قانۇنلۇق ھۆكۈمەت دەپ رەسمىي ئېتراپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ يېقىندا تالىبانىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ دۆلەت مەكتۇپىنى قوبۇل قىلىش قارارى ھەم زىددىيەتلىك، ھەم سودا خاراكتېرلىك ئىكەن.

تالىبان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 1-دېكابىر خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى كېلىشىم بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى خوڭ لېيىنىڭ تالىبان باش ئەلچىسى ئەسەدۇللاھ بىلال كەرىمدىن دۆلەت مەكتۇپى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەپتىدە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن: «ئافغانىستان خەلقئارا جەمئىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلماسلىقى كېرەك» دېگەن.

ئەمما، ئۇ خىتاينىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى تەلىپىنى تەكىتلەپ، تالىبانىڭ رەسمىي ئېتراپىغا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم «كەڭ قورساق» سىغدۇرۇشچان ھۆكۈمەت تەشكىللىشى، «مۆتىدىل ۋە ئېھتىياتچان» سىياسەت قوللىنىشى ۋە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى كۈچلۈك ئىرادىسىنى نامايان قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ۋاڭ ۋېنبىن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: «ئىشىنىمىزكى، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئەندىشىلىرى ھەقىقىي رەۋىشتە تۈگىتىلسە، ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىك ئېتراپ قىلىنىشى تەبىئىيلا ئىشقا ئاشىدۇ.»

ۋاشىڭتوندىكى برۇكىڭس ئىنستىتۇتىنىڭ پېشقەدەم تەتقىقاتچىسى فاندا فېلباب بىروۋن (Vanda Felbab-Brown): خىتاي « زىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان يول تۇتۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ» دېدى.

تالىبان 2021-يىلى 8-ئايدا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن بۇيان، ھېچقانداق بىر دۆلەت ئۇنى ئافغانىستاننىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى دەپ ئېتراپ قىلمىدى. لېكىن، خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم دۆلەتلەر ئافغانىستاندىكى باش ئەلچىخانىلىرىنى داۋاملىق ئاچتى ۋە تالىبان دىپلوماتلىرىنى ئېتراپ قىلدى.

2023-يىلى 9-ئايدا، خىتاي تالىبان ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتنى قولىغا كىرگۈزگەندىن بۇيان، تۇنجى بولۇپ ئافغانىستانغا يېڭى باش ئەلچى ئەۋەتكەن دۆلەت بولۇپ قالدى.

خىتاي ئەمدىلىكتە تالىباننىڭ باش ئەلچىسىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى دۆلەتكە ئايلاندى.

فەيرباب بىروۋن بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «تالىباننىڭ باش ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىش ئادەتتە (تالىبان ھاكىمىيىتىنى) ئېتىراپ قىلغانلىق دەپ قارىلىدۇ. خىتاي نۆۋەتتىكى (ھېچكىم تالىباننى رەسمىي ئېتىراپ قىلمىغان) ۋەزىيەتنى بۇزۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى خالىمايدۇ، تالىبان بىز كۆرۈۋاتقان شەكىلدە ئاياللارغا چەكلىمە قويۇشنى توختاتمىسا، ب د ت تالىباننىڭ ب د ت دىن ئورۇن ئالالمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.»

11-ئايدا، ب د ت ھاۋالە قىلغان تەكشۈرۈشتە تالىبان ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ئافغانىستاننىڭ خەلقئارا كېلىشىملەرگە رىئايە قىلىش ئەھۋالى ۋە ۋەدىسىگە باغلىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ مائارىپ ۋە خىزمەت جەھەتلەردە ئاياللارغا قويۇلغان چەكلىمىلەرنىڭ بىكار قىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئافغانىستان ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان نۇرغۇن خەلقئارالىق شەرتنامىلەرگە، جۈملىدىن ئاياللارغا قارىتىلغان ھەر خىل كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل ھوقۇقلار ئەھدىنامىسىگە (ICESCR) ئىمزا قويغۇچى دۆلەتتۇر.

فەيرباب بىروۋن خىتاينىڭ تالىبانغا «سىغدۇرۇشچان ھۆكۈمەت تەشكىللەش ۋە ئاياللارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش» خۇسۇسىدا «بېسىم ئىشلىتەلەيدىغان»لىقىنى، ئەمما «بۇنداق قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى» ئېيتتى.

خىتاي ئۆزى ئۈچۈن مۇھىم قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان مەسىلە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ (ETIM) ئافغانىستاندىكى مەۋجۇتلۇقىدۇر.

خىتاي 1997-يىلى پاكىستاندا ئۇيغۇر دىنىي زات ھەسەن مەخسۇم تەرىپىدىن قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى ئۆز بىخەتەرلىكىگە تەھدىت دەپ قارايدۇ. ھەسەن مەخسۇم بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى پاكىستان ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

خىتاي بۇ تەشكىلاتنى «خىتاي زېمىنىدا ھۇجۇم قوزغىدى» دەپ ئەيىبلىدى ۋە بۇنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا باھانە قىلدى. ئامېرىكا «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، 2002-يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى تېرورلۇق تەشكىلاتى دەپ بېكىتكەن ھەمدە بۇ تەشكىلاتقا كېيدۈرۈلگەن «تېرورلۇق» قالپىقىنى 2020-يىلى بىكار قىلغانىدى.

خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، تالىبان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» جەڭچىلىرىنىڭ «(ئافغانىستاندا) تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىققا قوشۇلغان.»

ئەمما فەيرباب برووۋن مۇنداق دېدى: خىتاي تالىباندىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە قارشى تېخىمۇ كۆپ تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر خىتاي تالىباننى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە تېخىمۇ كۆپ ئىش قىلىشقا قىستىمىسا، بۇ مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.»

## سودا مۇناسىۋىتى

«دېموكراتىيەنى قوغداش فوندى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى بىل روگىيو (Bill Roggio) «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيوسىغا مۇنداق دېگەن: تالىبان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوراللىق تەشكىلاتلار بىلەن قويۇق ئالاقىنى داۋاملاشتۇرماقتا. خىتاينىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ «جانلىنىپ، ئافغانىستاندىن خىتايغا قارشى ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىشى»دۇر.

خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇسى بولمىش «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، تالىبان 2023-يىلى 5-ئايدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ خىتايغا ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويمايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. شۇنىڭدىن تۆت ئاي كېيىن، خىتاي تالىبان ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئافغانىستانغا تۇنجى ئەلچىسىنى ئەۋەتكەن.

روگىيو بۇنىڭ «سودا»، شۇنداقلا «خىتاي بىلەن تالىبان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يادروسى» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: بىخەتەرلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن باشقا، «خىتاي ئافغانىستاندا شىركەت قۇرۇشنى، كان ئېچىشنى ۋە بۇ يەرگە مال ئېكسپورت قىلىشنى ئويلايدۇ، تالىبان بولسا ئۆزىنى قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە قىلىدىغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ.»

## رايونلۇق رىقابەت

سابىق ئافغانىستان دىپلوماتى ۋە ئافغانىستان تۆۋەن پالاتاسىنىڭ ئەزاسى شىنكاي كاروخىل (Shinkai Karokhil) مۇنداق دېدى: خىتاينىڭ تالىبان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى رايون رىقابىتىنى قوزغىشى مۇمكىن. رۇسىيە (تالىبان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرىدىغان) كېيىنكى دۆلەت بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئافغانىستاننى ئۆز تەسىر دائىرىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق رايون دۆلەتلىرىمۇ خىتاي-تالىبان مۇناسىۋىتىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدۇ.

شىۋېتسىيە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىنچلىق ۋە توقۇنۇش تەتقىقاتى پروفېسسورى ئاشوك سۋېين (Ashok Swain) مۇنداق دېدى: ھىندىستان ئافغانىستاندىكى نوپۇز جەھەتتە خىتاينىڭ

ئارقىدا قېلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئافغانىستان بىلەن قايتىدىن ئالاقە ئورنىتىشنىڭ يولىنى تېپىشى مۇمكىن.

سابىق ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتلىرى ئالدىنقى ئايدا ئافغانىستاننىڭ دېھلىدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ تاقىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، تالىبانىنىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بۇ ئەلچىخانىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە تالىباننىڭ كونتروللۇقىدا قايتىدىن ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ھىندىستاننىڭ ئافغانىستاندىكى باش ئەلچىخانىسى ئىزچىل ئوچۇق تۇردى.

لوندوندا تۇرۇشلۇق ئافغانىستانلىق ئاخباراتچى سەمى يۇسۇفزاي «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيوسىغا خىتاينىڭ مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكىنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ تالىبان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.voanews.com/a/what-will-it-take-for-taliban-to-gain-recognition-from-china-others-/7390814.html

# شى جىنپىڭنىڭ خىتايىكى كۇلتۇرەل ئۇرۇشى




مايكېل شۇمەن

# شى جىنپىڭ خىتايدىكى كۆلتۈرەل ئۇرۇشى

مايكېل شۇمەن

(بۇ ماقالە «The Atlantic» توربەتتە ئېلان قىلىنغان)

2023-يىلى 10-ئايدا، خىتاينىڭ خۇنەن ئۆلكىسىدىكى ھۆكۈمەت تېلېۋىزىيە قانىلى «ماركس كۈڭزى بىلەن ئۇچراشقاندا» ناملىق بەش قىسىملىق پروگراممىنى تارقاتتى. مەزكۇر پروگراممىدا، ياۋروپا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ۋە قەدىمكى خىتاي پەيلاسوپلىرىنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىسلار ئۆز تەلىماتلىرى ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن ۋەزخانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئىدىيەلىرىنىڭ (يەنى ياۋروپا ئىنقىلابچىلىرى بىلەن قەدىمكى خىتاي پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيەلىرىنىڭ) مۇكەممەل بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

پروگراممىدا ماركس مۇنداق دەيدۇ: «مەن يۈكسەك ۋە بىپايان غايىۋى دۇنيانى ئارزۇ قىلىمەن، بۇ يەردە ھەممە ئادەم ئۆز رولىنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە جارى قىلدۇرالايدۇ ۋە خالىغىنىغا ئېرىشەلەيدۇ. مەن بۇنى كوممۇنىستىك جەمئىيەت دەپ ئاتايمەن.»

كۈڭزى بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: «مەنمۇ ھەممە ئادەم خۇشال ۋە باراۋەر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. مەن ئۇنى دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكى (大同) دەپ ئاتايمەن.»

مەزكۇر پروگرامما تاماشىبىنلىرىغا يەتكۈزمەكچى بولغان ئۇچۇر شۇكى: ھازىرقى زامان خىتاي كۆلتۈرى ماركسىزم ۋە خىتاي ئەنئەنىسىنىڭ بىرىكىشى بولۇشى كېرەك، بۇ خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭدىن ئىبارەت «بۈيۈك پەيلاسوپ» تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان بىرىكمىدۇر. پروگراممىدىكى تەتقىقاتچىلاردىن بىرى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنئەنىۋى كۆلتۈرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ئايىغى چىقماس تالاش-تارتىش مەۋجۇت ئىدى. ئەمما ئاخىرىدا، شى جىنپىڭنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ شاراپىتىدە، بۇ مەسىلە ھەقىقىي رەۋىشتە ھەل بولدى، كىشىلەرنىڭ (بۇ ھەقتىكى) مۇجمەل ئوي-خىياللىرى تۈپتۈز ئايدىڭلاشتى.»

ماركس بىلەن كۆزگە ھەقىقەتنى بۇ پروگراممىسى شى جىنپىڭنىڭ خىتايدا يېڭى ئىدېئولوگىيەنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر يۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى، خالاس. بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆرۈنۈشتىكى غايىسى دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى كۆرەشكە تەييارلىق قىلىش مەقسىتىدە ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك قىلىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاداققى مەقسىتى شى جىنپىڭنىڭ خىتايغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىشتۇر. كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىرۋىن شۆبىسىدىكى جەمئىيەتشۇناس ۋاڭ فېڭ (Wang Feng) ماڭا مۇنداق دېدى: خىتاي رەھبەرلىرى «خەلقنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىنتايىن كۈچلۈك، سوتسىيالىستىك — شۇنداقلا پارتىيەنىڭ كونتروللۇقى ۋە يېتەكچىلىكىدىكى — ئىدېئولوگىيەلىك رامكا بەرپا قىلىشنى ئويلايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى كونترول قىلىشتىنمۇ بەكرەك كارغا كېلىدىغان، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش چارىسى بارمۇ؟»

ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە يەرشارىۋى رەقەملىك جەمئىيەت دەۋرىدە، شى جىنپىڭنىڭ كوممۇنىزمنى بازارغا سېلىشى قالاقلىقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، بۇ ئۇنىڭ خىتايىنى كونا، قاراڭغۇ دەۋرگە سۆرىشىدىكى ئۇسۇللاردىن پەقەت بىرى، خالاس. ئۇ نەچچە ئون يىللىق بازارنى ئەركىنلەشتۈرۈش يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا مۇداخىلە قىلىشىنى قايتىدىن قوللىدى، بىر مەزگىللىك پايدىلىق ھەمكارلىقتىن كېيىن غەرب بىلەن يەنە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئۇسلۇبىدا تىركىشىشكە باشلىدى ۋە ھوقۇق بىرلا ئادەمنىڭ چاڭگىلىغا مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت شەكلىنى خىتايدىكى كوممۇنىست ھاكىمىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە «ۋايىغا يەتكۈزدى.» ھازىر ئۇ كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى كۈچلۈك ئىدىيەۋى تەلقىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۆز تەبىرىدىكى ئاتالمىش پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ «ئىتتىپاقلىق»نى روياپقا چىقارماقچى ۋە پارتىيەنىڭ تەلتۆكۈس ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاي ھازىر كۇلتۇرەل ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. بۇ ئۇرۇشتا، دۆلەت ئۇزۇندىن بۇيان جەمئىيەتكە قارشى ئۇرۇش قىلىپ كەلدى ۋە بۇ جەرياندا خىتاي رەھبەرلىرى ئۆز ئىمكانىيەتلىرى ئارقىلىق باستۇرۇش تاكتىكىلىرىنى قوللاندى. شى جىنپىڭ ئاللىقاچان تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، شەخسىي مائارىپنى چەكلىدى. ھازىر، ئۇنىڭ بۇ مۇجادىلىسىنىڭ سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلىشىۋاتىدۇ. 10-ئايدا ئۇ «شى جىنپىڭنىڭ كۇلتۇرەل ئىدىيەسى» (习近平文化思想) دەپ ئاتىلىدىغان بىر رامكىنى ئېلان قىلدى. بۇ دىپلوماتىك، ھەربىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرگە، ھەتتا شەخسىي تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان (شى جىنپىڭغا ئائىت) «ئىدىيە»لەرنىڭ كۆنسېرى زورىيىۋاتقان گەۋدىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، شى جىنپىڭ

ئۆزىنىڭ بۇ باياناتى ئارقىلىق «كۈچلۈك ئىدىئولوگىيەلىك كاپالەت ۋە مەنىۋى كۈچ» ھەمدە «خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە سوتسىيالىستىك ئىدىئولوگىيە» بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان.

مەزكۇر ئىدىئولوگىيەلىك تەربىيە خىتاي چېگراسى ئىچىدىلا توختاپ قالغىنى يوق. بۇ ھەقتە، شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر خىتاينىڭ كۈلتۈرەل يۇمشاق كۈچىنى ۋە خىتاي كۈلتۈرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشنى تەخىرسىزلەشتۈردى.» شى جىنپىڭ مۇشۇنىڭغا ئالاقىدار تەدبىر سۈپىتىدە، 2023-يىلى 3-ئايدا «يەرشارىۋى مەدەنىيەت تەشەببۇسى»نى (全球文明倡议) ئوتتۇرىغا قويۇپ، «مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقىغا ھۆرمەت قىلىش» ۋە «ئەۋزەللىك تۈيغۇسىدىن ھالقىپ بىللە ياشاش»نى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ يەنە «دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى ياكى ئەندىزىسىنى باشقىلارغا تېڭىشتىن ساقلىنىشى كېرەك» دېدى.

شى جىنپىڭ بۇ سۆزى ئارقىلىق دېموكراتىيەنى دۇنيا مىقياسىدا يېتەكچى ئورۇنغا چىقارغان ئۇنىۋېرسال ھوقۇق ۋە قىممەت قاراشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شى جىنپىڭنىڭ كۈلتۈرەل ئۇرۇشى جۇغراپىيەۋى سىياسەت مەنىسىگە ئىگە. خىتاي غەربنىڭ كۈلتۈرەل جەھەتتىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش جەريانىدا، ئامېرىكا بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە مىكرو ئۆزەككىلا ئەمەس، بەلكى تاراتقۇ ۋە ئۈچۈر تارقىتىشقىمۇ موھتاجلىقىنى ھېس قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇش تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 213-يىلى، چىن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى (يەنى چىنشىخۇاڭ) ئۇنى ۋە ئۇنىڭ سىياسىتىنى يىراق ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭكىگە سەلبىي تەرزدە سېلىشتۇرغان ئالىملاردىن نەپرەتلەنگەن ۋە شۇ سەۋەبلىك تارىخ، پەلسەپە ۋە باشقا تېمىلارغا ئائىت «گۇمانلىق» ئەسەرلەرنى مۇسادىرە قىلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. بىر قەدىمكى تارىخشۇناس بۇنىڭغا «كىشىلەرنى ھاماقەتلەشتۈرۈش ۋە جاھاندا ئۆتمۈش ئارقىلىق بۈگۈننى ئىنكار قىلىدىغان ئىش بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۇرۇنۇشى» دەپ باھا بەرگەن.

ئىككى مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، شى جىنپىڭمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. 10-ئايدا، خىتايدىكى بىر كىتاب سېتىش شىركىتى ئېنىق چۈشەنچە بەرمەستىنلا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ تەرجىمھالىنىڭ يېڭىدىن بېسىلغان نۇسخىسىنى يىغىۋالغان. پادىشاھ چوڭجېن (崇祯帝) دەپ ئاتالغان بۇ ھۆكۈمدار 1644-يىلى مىڭ خاندانلىقى يىمىرىلگەندە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىدى. بەلكىم خىتايدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەر كۆنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان ۋە جۇغراپىيەۋى سىياسەت ۋەزىيىتى جىددىيلەشكەن ئارقا كۆرۈنۈشتە،

كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى «چوڭجېڭنىڭ تەكرار خاتالىقلىرى دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى تېزلەتتى» دېگەن جۈملە شى جىنپىڭغا قارىتىلغان ۋاستىلىك تەنقىد دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىن. سەۋەبىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈنكى تەكشۈرگۈچىلەر چىنشىخۇاڭغا ئوخشاشلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆتمۈشنى بۈگۈن بىلەن سېلىشتۇرۇشىنى ياقتۇرمايدىغاندەك قىلىدۇ.

شى جىنپىڭنىڭ ھازىرقى خىتايغا بولغان تەسەۋۋۇرى كونىچە ھەمدە «سوتسىيالىستىك» ئەخلاقىي نىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 10-ئايدا، ئۇ ئاياللارنىڭ خىتاي جەمئىيىتىدىكى مۇۋاپىق رولى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاياللارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ، بالا تۇغۇشى كېرەكلىكىنى، پارتىيەنىڭ خاتا سىياسىتىدىن مەنبەلەنگەن نوپۇس ئازىيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئاياللارنى «يېڭى ئائىلە يۈزلىنىشى»گە ئەگىشىشكە چاقىردى ۋە «ئاكتىپلىق بىلەن يېڭىچە نىكاھ ۋە بالا تۇغۇش كۇلتۇرىنى يېتىلدۈرۈش» كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. (بىمەنىلىككە تولغان) بۇ دەۋرنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە، Blackpink مۇزىكا ئەترىتىنىڭ ئەزاسى لىسا يېقىندا نامەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىتايدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسى مىكرو بىلوگ تەرىپىدىن چەكلەندى. بۇ چەكلىمە مەزكۇر مۇزىكا ئەترىتىنىڭ خىتايدا تالاش-تارتىش قوزغىغان پارىژدىكى سەييارە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان. خوڭكوڭلۇق داڭلىق چولپان ئەنجىلابېيبىمۇ مىكرو بىلوگدىن چەكلەنگەن بولۇپ، بەلكىم ئۇمۇ ئاشۇ پروگراممىغا قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن.

دۆلەت تەرىپىدىن «تۈرمۈش ئۇسۇلى كوممۇنىستىك جەمئىيەتكە زىيانلىق» دەپ قارالغان ھەمجىنىسلار ۋە جىنس ئۆزگەرتكۈچىلەر قاتارلىق كىشىلەرمۇ بېسىمغا ئۇچرىدى. 2021-يىلى، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى «غىتمەك» ئەرلەرنىڭ يەرلىك تېلېۋىزىيە قاناللىرىغا چىقىشىنى چەكلەپ، ھەمجىنىسلارغا ئالاقىدار نەچچە ئون ئىجتىمائىي ئالاقە ھېساباتىنى تاقىغان. بۇ ئايدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتېرنېتنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورگىنى جىنسىي مەزمۇن ياكى قارشى جىنسنىڭ كىيىملىرى كىيىلگەن سۈرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسقا ۋىدىيولارنى چەكلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

بۇ ئىدىئولوگىيەلىك رامكا ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلاشتى. شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ خىتاي كۇلتۇرىنى ئاساس قىلغان «دۆلەت كۇلتۇرى» نۇقتئىينەزىرىنى ئۇيغۇر، تىبەت ۋە باشقا مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدىغان قورال سۈپىتىدە قوللاندى. شى جىنپىڭ 2022-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندا، «ئاز سانلىق» مىللەتلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەممىسىنىڭ «خىتاي كۇلتۇرى»نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن باغلانغانلىقىنى دەۋا قىلدى.

لېكىن، بۇ گەپ توغرا ئەمەس. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ ئۆز تىلى ۋە دىنىي ئادەتلىرى بار. ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى ئۆزگىچە كۇلتۇرەل يىلتىزغا ئىگە بولۇپ، تارىختىكى كۆپ قىسىم ۋاقىتتا خىتايدىن مۇستەقىل گەۋدىلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ، شى جىنپىڭ يەرلىك ئەمەلدارلارنى رايوندىكى ھەر قايسى مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا «خىتايغا مايىل قەلب يېتىلدۈرۈش ۋە خىتاي روھىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش» ئۈچۈن، مۇشۇ خىل مۇناسىۋەت سەپسەتىسىنى تېخىمۇ كۈچەپ ئۆگىتىشكە بۇيرۇدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «خىتاي پۇقراسى»غا ئەمەس، «خىتاي»غا ئايلاندۇرۇش جەھەتتىكى بۇ ئۇرۇنۇش شى جىنپىڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇشىنى قاتتىق باستۇرۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن: خىتاي ھۆكۈمىتى دىنىي سورۇنلارنى ۋەيران قىلىش، مەكتەپلەردە ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى، ئەدەبىياتىنى ۋە تەتقىقاتىنى ئۆگىتىشنى چەكلەش ھەمدە ئىسلامىي ئىبادەتلەرنى ئاشقۇنلۇققا باغلاش ئارقىلىق ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى بوغدى. خىتاي 2020-يىلى چىقارغان سىياسەتتە ئىچكى موڭغۇلدىكى مەكتەپلەردە موڭغۇل تىلىدىكى ئوقۇشقا چەك قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خىتاي تىلىدىكى مائارىپ ئىلگىرى سۈرۈلگەچكە، موڭغۇللارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

غەربمۇ خىتاينىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش زەربىسىگە دۇچ كەلمەكتە. يېقىندا خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا كەڭ تارقالغان بىر ۋىدىيودا كۆرسىتىلىشىچە، بېيجىڭدىكى «خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتى مۇتەخەسسىسى جىن سەنرۇڭ (Jin Canrong) «يۇنان بىلەن رىمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ باقان-باقمىغانلىقى نائېنىقتۇر» دېگەن سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ توقۇلما شەخس ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ھېچكىم شۇنچە كۆپ تېمىدا، بۇنچە كۆپ ئەسەر يازالمايدۇ. ھەتتا قەدىمكى دەۋرلەردە بۇنچە كۆپ تېكىستنى يېزىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارنى تېپىشمۇ مۇمكىن ئەمەس» دېگەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، قەدىمكى خىتايچە يازمىلار بىر قەدەر قىسقا بولغاچقا، ھەقىقىي بولۇش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەن. ئۇنىڭ تاماشىبىنلىرىمۇ بۇ سەپسەتىگە ئاۋاز قوشقان بولۇپ، شۇلاردىن بىرى مىكرو بىلوگدا مۇنداق ئىنكاس قالدۇرغان: «ياۋروپا رەھبەرلىرىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۆز ئىدېئولوگىيەسىنى يېيىش ئۈچۈن پەلسەپە ۋە پەيلاسوپلارنى ئويدۇرۇپ چىقىشى ئۇلارنىڭ دائىملىق ئادىتىدۇر.»

خىتاينىڭ نەچچە ئون يىللىق ئىسلاھاتى جەريانىدا، كۇلتۇر ۋە ئىدېئولوگىيە چەتكە قېقىلىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە بايلىق توغلىشىشقا كۈچەلگەنىدى. شى جىنپىڭ بۇ خىل پراگماتىك بۇرۇلۇشنى ئۆزگەرتىش مۇۋاپىق دەپ قاراپ، بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ئەنئەنىسى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى ئارىلاشمىسىنى بازارغا سالدى. ئۇ يېقىندا قىلغان سۆزىدە، بۇ كۇلتۇرەل داشقايناقنى ئىلگىرى سۈرۈش «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزنىڭ ئەڭ كۈچلۈك كاپالىتىدۇر، چۈنكى

ئۆز كۈلتۈرىگە نىسبەتەن ئىشەنچ بولغاندىلا، بىر دۆلەت مۇستەھكەم قەد كۆتۈرۈپ، بۈيۈك نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ» دېدى.

شى جىنپىڭ ھۆكۈمىتى ئامما-نى شى جىنپىڭچە يېڭى كۈلتۈرنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەپلا قالماي، ئۇنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلماقتا. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ يىل 10-ئايدا، خىتاينىڭ رەسمىيەتچى قانۇن چىقىرىش ئورگىنى «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى قانۇنى»نى ماقۇللاپ، مەكتەپلەرنى ئىدېئولوگىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە بىخەتەرلىكى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ۋە «قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى» توغرىسىدىكى تەلىم-تەربىيەنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇغان. قانۇن چىقىرىش ئورگىنىنىڭ باياناتچىسى بۇ ھەقتە يەرلىك تاراتقۇغا مۇنداق دېگەن: بۇنىڭدىكى مەقسەت «كىشىلەرنى ۋەتەننى، پارتىيەنى ۋە سوتسىيالىزم سۆيۈشتىن ئىبارەت ئۈچ بىرلىكنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە يېتەكلەشتۇر.»

(مەلۇم ئىدېئولوگىيەنى تېڭىش ئۈچۈن) بۇ قەدەر قاتتىق شاپاشلاش دەۋرگە ماس كەلمەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۈچۈر مەنبەسى مول، نۇرغۇن خىتايلار چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇۋاتقان ۋە ساياھەت قىلىۋاتقان بۇنداق شارائىتتا، ھۆكۈمەت ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ دۆلەت تەستىقلىغان ئىدېئولوگىيەنىلا قوبۇل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ.

ئەمما، خىتاي نوپۇسىنىڭ ئاز بىر قىسمىلا «تور سەددىچىنى»دىن ھالقىپ ئۈچۈر ئىزدىگۈدەك قىزىقىش، تىل ماھارىتى ۋە مەنبەگە ئىگە. كۆپىنچە كىشىلەر يەنىلا خىتاي تاراتقۇلىرىغا ۋە دۆلەت تەستىقلىغان باشقا ئۈچۈر مەنبەلىرىگە تايىنىدۇ. خىتاي دائىرىلىرى بۇ خىل ئومۇمىيۈزلۈك كونتروللۇق ئارقىلىق «ناباب» مەزمۇنلارنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماي، يەنە كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى ئاكتىپ ھالدا شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، غەززە كرىزىسى مەزگىلىدە، خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى (ئىنسانىيلىقى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكتىن) پەلەستىننى قوللايدىغان بىر قاتار ئۈچۈرلارنى ئاممىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندى. بۇ توردا يەھۇدىيلارغا ۋە ئىسرائىلىيەگە قارشى سۆزلەرنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولدى. ئەسلىدە تەكشۈرگۈچى ئاپپاراتلار بۇ خىل كەيپىياتنى ئاسانلا باستۇرۇپ قويالايتتى، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى. چۈنكى، بۇ خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى دۆلەت ئىچىدە قوللاشقا ئېرىشتۈرەلەيتتى.

شى جىنپىڭنىڭ كۈلتۈرەل ئۇرۇشىنىڭ يوشۇرۇن ئاقىۋىتى دۇنيانى ئەندىشىگە سېلىشى كېرەك. بارغانسېرى ئايرىۋېتىلگەن، ئىدىيەسى قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە سىياسىيلاشقان خىتاي ئاممىسى غەربكە تېخىمۇ بەك دۈشمەن بولۇپ، تەيۋەنگە قورallıق ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق «مىللىي دەۋا»لارنى تېخىمۇ بەك قوللىشى مۇمكىن. شى جىنپىڭنىڭ ئىجتىمائىي كونتروللۇقنى قوغلىشىشمۇ كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى خەۋپكە ئۈچرىتىدۇ. گەرچە بىر قىسىم خىتايلار شى جىنپىڭنىڭ

مۇتەئەسسىپ ۋە مىللەتچى قىممەت قارىشىنى جەلپ قىلارلىق دەپ قارىسىمۇ، ئەمما «تور سەددىچىنى»دىن ئۆتەلەيدىغانلار ياكى تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن مۇھىتقا كۆنگەنلەر بۇنىڭدىن غەزەپلىنىشى مۇمكىن. مىشىگان ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىتاي سىياستى مۇتەخەسسىسى مەرىي گالاگېر (Mary Gallagher) ماڭا: «نەتىجىدە، خىتاي جەمئىيىتىدە كۆرۈنەرلىك قۇتۇپلىشىش كۆرۈلۈشى مۇمكىن» دېدى.

بۇ خىل جىددىيلىكنىڭ ئىلگىرىكى مىساللىرى كىشىنى زىنھار خۇرسەن قىلمايدۇ. 1966-يىلى، ماۋ زېدوڭنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» خىتاينى زوراۋانلىق پاتقىقىغا پاتۇرغان، ئاشقۇن قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۆز نەزىرىدىكى چىرىك ئىدىيە ۋە قىلمىشلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغانىدى. («مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت) شۇ ھەرىكەتمۇ ھوقۇقنى چىڭ تۇتۇش سەۋداسىدا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئەسىرى ئىدى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.theatlantic.com/international/archive/2023/12/xi_jinping_china_culture_war/676896/


تەن ساقلىقى ۋە يېزا-قىشلاق ئاھالىسىنىڭ
تېنى ساغلام بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى
ئىبنى خەلدۇن

# تەق ساقلىقى ۋە يېزا ـ قىشلاق ئاھالىسىنىڭ

# تېنى ساغلام بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى

ئىبنى خەلدۇن

ھەممىگە مەلۇم بولغان پايدىلىرى سەۋەبلىك، شەھەر ـ بازارلاردا تىبابەت ھۈنىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈردۇر. چۈنكى، بۇ ھۈنەر ساغلام كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدىسا، بىتاپلارنى شىپا تاپقۇزىدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، بارچە كېسەللىكلەرنىڭ مەنبەسى يېمەكلىكلەردۇر. دەرۋەقە، تېۋىپلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن، ئۆلىمالار ئارىسىدا بولسا سەھىھلىكى گۇمانلىق دەپ قارالغان بىر ھەدىستە: «ئاشقازان دەرتنىڭ ئۆۋىسىدۇر. پەرھىز ئەڭ ئېسىل دورىدۇر. بارچە كېسەللىكلەرنىڭ يىلتىزى كۆپ يېيىشتۇر» دېيىلگەن. « ئاشقازان دەرتنىڭ ئۆۋىسىدۇر» دېگەن گەپنىڭ مەنىسى ئېنىق. « پەرھىز ئەڭ ئېسىل دورىدۇر» دېگەن گەپكە كەلسەك، پەرھىز ئاچلىق، يەنى تاماقتا چەك قويۇش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ مەنىسى «ئاچلىق (باشقا بارلىق) دورىلارنىڭ ئاساسى بولغان كاتتا دورىدۇر» دېگەنلىكتۇر. «بارچە كېسەللىكلەرنىڭ يىلتىزى كۆپ يېيىشتۇر»دىن مەقسەت، لىق تويغۇچە يەۋېلىش، بىر ۋاخ تاماق تېخى تولۇق ھەزىم بولماستىنلا، ئاشقازانغا يېڭى تاماقلارنى كىرگۈزۈش ۋە ئاچكۆزلۈكتۇر.

بۇنىڭ تەبىرى مۇنداقتۇر: شەنى ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ئوزۇقلۇق ئارقىلىق قوغدىغان. ئىنسان بۇ ئوزۇقلۇقلارنى يېيىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىدۇ. ئوزۇقلىنىش ۋە ھەزىم قىلىش كۈچى بەدەندىكى گۆش ۋە سۆڭەك پارچىلىرىغا ماس كېلىدىغان قانغا ئايلانغانغا قەدەر ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاندىن بۇ ئوزۇقلۇق يېتىلىش كۈچىنىڭ تىزگىنىگە ئۆتىدۇ ھەمدە شۇ رەۋىشتە گۆش ۋە سۆڭەككە ئايلىنىدۇ. «ھەزىم» ــ ئوزۇقلۇقنىڭ تەبئىي ھارارەت ئارقىلىق، قەدەممۇ قەدەم پىشىپ، ئاخىرىدا بەدەننىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىشىدۇر. بۇ مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: ئوزۇقلۇق ئېغىزدىن كىرىپ، قوۋۇزلاردا چاينالغاندىن كېيىن، ئېغىزنىڭ ھارارىتى ئۇنى ئاز بولسىمۇ پىشۇرىدۇ (ۋە ھەزىم قىلىدۇ)ـ دە، ئۇنىڭ مىزاجىنى (ۋە قۇرۇلمىسىنى) قىسمەن ئۆزگەرتىدۇ.

دەرۋەقە، يېيىلىش ئۈچۈن ئېغىزغا سېلىنغان، ئاندىن راۋۇرۇس چاينالغان بىر لوقما تائامنىڭ مىزاجىنىڭ يېيىلىشتىن ئىلگىرى ھالەتتىن ئۆزگىرىدىغانلىقى مەلۇم. ئاندىن، بۇ تاماق ئاشقازانغا چۈشىدۇ ۋە ئاشقازاننىڭ ھارارىتى ئۇنى قايناۋاتقان ھالغا كەلگەنگە قەدەر پىشۇرىدۇ. گېپى بولۇنۇۋاتقان ئوزۇقلۇقنىڭ جەۋھىرى ئەنە شۇدۇر. ئاشقازان ئۇ جەۋھەرنى جىگەرگە ئەۋەتىپ، قالغان نەرسىلەرنى چىقىرىندى سۈپىتىدە ئۈچەيلەرگە ئەۋەتىدۇ. ئۈچەيلەر بۇ نەرسىلەرنى ئىككى ئەۋرەت تەرەپكە ئىتتىرىدۇ. ئاندىن، جىگەر گېپى بولۇنغان جەۋھەرنى يېگى ۋە ساپ قان ھالىتىگە كەلگەنگە قەدەر پىشۇرىدۇ (ۋە ھەزىم قىلىدۇ). پىشىش سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئۈستىدە سۈتنىڭ قايمىقىغا ئوخشاش كۆپۈك ھاسىل بولىدۇ. (سېرىق رەڭلىك ئۇ كۆپۈك) ئۆت سۈيۇقلۇقىدۇر. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان بىر قاتار قۇرۇق قالدۇقلار تېگىگە چۆكىدۇ. ئەنە شۇ سەۋدا (قارا ئۆت سۇيۇقلۇقى)دۇر. ئۇنىڭ قاتتىق قىسىملىرىنى پىشۇرۇشقا تەبىئىي ھارارەت كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ بەلغەمدۇر. ئاندىن، جىگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تومۇرلارغا ۋە ئارتېرىيەلەرگە يوللايدۇ. تەبىئىي ھارارەت ئۇنى مۇشۇ يەردىمۇ داۋاملىق پىشۇرىدۇ. بۇ چاغدا ساپ قاندىن ئىسسىق ۋە نەم ھور ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق (ئىنسانىدىكى) ھايۋانىي نەپسى ئەنە شۇ ھور ئوزۇقلاندۇرىدۇ (يەنى ئۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ). يېتىلىش قۇۋۋىتى قاندىن ئېلىشى كېرەك بولغان نېسۋىسىنى ئالىدۇ ۋە بۇ گۆشكە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ قاتتىق قىسمىدىن سۆڭەكلەر شەكىللىنىدۇ. ئاندىن، بەدەن ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بولغان بۇ خىل نەرسىلەرنى سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ قالدۇقلار تەر، شۆلگەي، ماڭقا ۋە كۆز يېشى قاتارلىق تۈرلۈك نەرسىلەردۇر. ئوزۇقلىنىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ قۇۋۋەتتىن گۆشكە ئايلىنىشى شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

كېسەللىكلەرنىڭ يىلتىزى ۋە زور بىر قىسمى قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇدۇر: تەبىئىي ھارارەت يۇقىرىدا گېپى بولۇنغان باسقۇچلارنىڭ ھېچبىرىدە (يېيىلگەن ئوزۇقلۇقنى) لايىقىدا پىشۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كېتىدۇ-دە، گېپى بولۇنغان ئوزۇقلۇق (تولۇق پىشماستىن) خام ھالەتتە قالىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا، بۇنىڭ سەۋەبى ئاشقازاندىكى ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ تەبىئىي ھارارەتنى بېسىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە كۆپ بولۇپ كېتىشى ياكى دەسلەپتە يېيىلگەن ئوزۇقلۇق ئاشقازاندا تولۇق پىشۇرۇلماستىن (ۋە ھەزىم قىلىنماستىن) ئاشقازانغا يېڭى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ كىرىشىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، تەبىئىي ھارارەت ئاۋۋال قوبۇل قىلىنغان ئوزۇقلۇقنى (ھەزىم قىلماستىن) ئۆز پېتى تاشلاپ قويۇپ، يېڭى ئوزۇقلۇققا يۈزلىنىدۇ ياكى ھەر ئىككىسىگە تەڭ تارقىتىلىدۇ-دە، پىشۇرۇش ۋە ھەزىم قىلىش ئىشلىرىنى كامىل رەۋىشتە ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا يەتمەيدۇ. ئاشقازان ئۇ ئوزۇقلۇقنى شۇ پېتى جىگەرگە يوللايدۇ. جىگەردىكى ھارارەتمۇ ئۇنى پىشۇرغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئەمەس. نۇرغۇن چاغلاردا دەسلەپتە قوبۇل قىلىنغان ئوزۇقلۇقلاردىن جىگەردە پىشمىغان خام قالدۇقلار قالىدۇ. جىگەرمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پېتى خام ھالەتتە تومۇرلارغا يوللايدۇ. بەدەن ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندا، ئەگەر كۈچى يەتسە، باشقا

قالدۇقلارغا قوشۇپ، بۇ ئوزۇقلۇقلارنىمۇ تەر، كۆز يېشى ياكى شۆلگەي شەكلىدە سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ. لېكىن، بەدەن نۇرغۇن چاغلاردا بۇلارنىڭ نۇرغۇنىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىشتىن ئاجىز كېلىدۇ-دە، بۇنداق نەرسىلەر تومۇرلاردا، جىگەردە ۋە ئاشقازاندا قېلىپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئۇيۇشقاق ھالەتتىكى نەم نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق پىشمىغان ۋە يېتىلمىگەن ھالەتتە قالسا، پۇراپ قالىدۇ (بۇزۇلىدۇ ۋە چىرىيدۇ). شۇ ۋەجىدىن، گېپى بولۇنغان خام ھالەتتە قالغان ماددىلارمۇ پۇراپ قالىدۇ. «خىلىت» (تەركىب) دېيىلگەن نەرسە ئەنە شۇ. پۇراپ قالغان (ۋە بۇزۇلغان) ھەممە نەرسىدە غەلىتە بىر خىل ھارارەت بولىدۇ، ئىنسان بەدىنىدىكى «قىزىتما» دەپ ئاتالغان ھادىسە ئەنە شۇ ھارارەتتۇر.

بۇ جەھەتتە، پۇراپ قالغۇچە تاشلاپ قويۇلغان يېمەكلىكلەرنى سىناپ بېقىڭ. يەنە شۇنىڭدەك، پۇراپ (ۋە چىرىپ) كەتكەن قىغدىن قانچىلىك ھارارەت تارقىلىۋاتقانلىقىغا ۋە ئۇ ماددىنىڭ شۇ سەۋەبلىك قانداق ھالەتكە كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭ. ئىنسان بەدىنىدىكى قىزىتمىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئەنە شۇنداقتۇر. ھەددىستە بايان قىلىنغىنىدەك، (باشقا) كېسەللىكلەرنىڭ بېشى ۋە يىلتىزى قىزىتمىدۇر. بۇ قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر بىر قانچە ھەپتىگىچە بىمارنى تاماقتىن قىسىش، ئاندىن سەللىمازا ساقايغانغا قەدەر، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان يېمەكلىكلەرنى بېرىش بىلەن داۋالىنىدۇ. ساغلام چاغدا يېيىلگەن يېمەكلىكلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە مىقدارىغا دىققەت قىلىشمۇ بەدەننى قىزىتمىدىن ۋە باشقا كېسەللىكلەردىن ساقلاشنىڭ ئاساسىدۇر. گېپى بولۇنغان پۇراپ قېلىش (ۋە بۇزۇلۇش) گاھىدا مۇئەييەن بىر ئەزادا (ماكانلاشقان) بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاشۇ ئەزادا كېسەللىك پەيدا بولىدۇ ۋە بەدەننى يارا باسىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال رەئىس ئەزالاردا ياكى باشقا ئەزالاردا كۆرۈلىدۇ. گاھىدا مۇئەييەن ئەزا كېسەل بولۇپ، بۇ كېسەللىك شۇ ئەزادىكى قۇۋۋەتلەرنىڭمۇ زەئىپلىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ (ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئەزا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماس بولىدۇ). بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن نەرسىلەردۇر. كۆپىنچە ھاللاردا، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى يېمەكلىكلەر تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە تېۋىپقا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك.

## شەھەر ئاھالىسى يېزا-قىشلاق ئاھالىسىگە قارىغاندا كۆپ كېسەل بولىدۇ

گېپى بولۇنغان كېسەللىكلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشايدىغان خەلقلەردە ۋە شەھەرلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، بۇنداقلارنىڭ تاپاۋىتى كۆپ بولغاچقا، بىر نەرسىلەرنىمۇ كۆپ يەيدۇ، بىر خىل يېمەكلىك بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان چاغلىرى ئاز بولىدۇ. ئۇلار بىر نەرسە يېيىش ئۈچۈن

تاماق ۋاقتىنىڭ كېلىشىنىمۇ ساقلاپ ئولتۇرمايدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، پىشۇرغان نەرسىلىرىنى تېخىمۇ لەززەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېمەكلىكلىرىگە قۇرۇق دورا-دەرمان، كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى ئارىلاشتۇرىدۇ. ئۇلار بىر ياكى بىر قانچە خىل يېمەكلىك بىلەن بولدى قىلىشمايدۇ. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان مەنبەلىك يېمەكلىك تۈرلىرى قوشۇلۇپ، بىر كۈندە قىرىق خىل ئوزۇقلۇق ماددىلىرى ئۈچۈن غەلىتە بىر مىزاج شەكىللىنىدۇ. نۇرغۇن چاغلاردا بۇ خىل ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بەدەنگە ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا ئۇيغۇن كەلمەستىن، بەدەنگە يات كېلىدۇ. ئاندىن قالدۇقلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك پۇراپ كەتكەن ھورلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، شەھەردىكى ھاۋا بۇلغىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەسلىدە (ساپ) ھاۋا روھقا خۇشاللىق (ۋە كۈچ) ئاتا قىلىدۇ ۋە شۇ خۇشاللىقنىڭ شاراپىتىدە، ھەزىم قىلىشنى قولايلاشتۇرىدىغان تەبىئىي ھارارەت كۈچىيىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، شەھەر خەلقىدە چېنىقىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا ھەرىكەتسىز، تۇرغۇن ھالەتتە ياشايدۇ. ئۇلار ھاياتىدا ھەرىكەتتىن نېسۋە ئالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ پايدىسىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، شەھەر-بازارلاردا كېسەل كۆپ بولىدۇ ھەمدە بۇ يەردە ياشايدىغان ئىنسانلار شۇنىڭغا ماس ھالدا تېبابەتكە موھتاج بولىدۇ.

كۆپىنچە ھاللاردا، بەدەۋىيلەر (چۆل-سەھرا خەلقلىرى) تاماقنى ئاز يەيدۇ. دانلىق زىرائەتلەر ئاز بولغاچقا، بۇلاردا تولۇقتىن ئاچلىق كۆپتۇر. ھەتتا، ئاچ قورساق يۈرۈش يېزا-قىشلاق ئاھالىسىنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋال ئىزچىل داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن، ھەتتا ئۇلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق دەپمۇ قارىلىپ قالدى. ئاندىن، چۆل-سەھرادا ياشايدىغان بەدەۋىيلەر ئارىسىدا تاماققا قوشۇمچە قىلىنىدىغان ماددىلار يا ئىنتايىن ئاز، ھەتتا پەقەتلا يوق. ئىنسانلارنىڭ تاماققا دورا-دەرمەك ۋە كۆكتاتلار ئارقىلىق لەززەت قوشۇشقا ئۇرۇنۇشىغا سەۋەب بولغىنى ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىدىكى مول-باياشاتچىلىقتۇر. ھالبۇكى، بەدەۋىيلەر بۇنداق ھەشەمەتچىلىكتىن تولىمۇ يىراق. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ تاماقلىرى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، خىلمۇخىللىقتىن خالىي. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئىستېمال قىلغان ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ مىزاجى بەدەن قۇرۇلمىسىغا مۇۋاپىق.

بەدەۋىيلەر نەپەسلىنىدىغان ھاۋا، ئەگەر ئۇلار بىر يەردە مۇقىم ياشايدىغان بولسا، ئۇ يەرلەر بەك نەم ۋە بەتبۇي بولمىغانلىقى ئۈچۈن؛ ئەگەر كۆچمەن-چارۋىچىلىق ھالىتىدە ياشايدىغان بولسا، ھاۋاسى ئالمىشىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بەتبۇي (ۋە مەينەت) ئەمەس. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇلارنىڭ ئات مىنىش، ئوۋ ئوۋلاش ياكى باشقا ئېھتىياجلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈش دېگەندەك ھەرىكەتلىرى كۆپتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەزىم قىلىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ۋە ياخشىلايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇلار بىر كۈندە كۆپ قېتىم، لىق تويغۇچە تاماق يەۋالمىغاچقا، مىزاجلىرى (شەھەر خەلقىگە نىسبەتەن) تېخىمۇ ساغلام ۋە كېسەللىكتىن تېخىمۇ يىراقتۇر ۋە شۇ سەۋەبلىك تېبابەتكە بولغان ئېھتىياجىمۇ تۆۋەندۇر. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، بەدەۋىيلەر ئارىسىدا تېۋىپ يوق. بۇنداق بولۇشىدىكى

بىردىنبىر سەۋەب ئۇلارنىڭ تېۋىپقا ئېھتىياجى يوقلۇقىدۇر. چۈنكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ تېۋىپلارغا ئېھتىياجى بولسا ئىدى، ئارىلىرىدا تېۋىپلارنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. تېۋىپلار شۇ ئارقىلىق بەدەۋىيلەر ئارىسىدا تىرىكچىلىكىنى قامداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولاتتى ۋە بۇ ئۇلارنىڭ بەدەۋىيلەر ئارىسىدا ئولتۇراقلىششىغا تۈرتكە بولاتتى.

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا ئىزچىل جارى بولۇپ كەلگەن نىزامى ئەنە شۇدۇر: «ئاللاھنىڭ نىزامىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش كۆرمەيسەن.» (فەتھ سۈرىسى 23ـ ئايەت)

ئىبنى خەلدۇننىڭ «مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# ئادىتىڭىز سالامەتلىكىڭىزنى قانداق شەكىللەندۈرىدۇ؟

جېيمس كلىر

# ئادىتىڭىز سالاھىيىتىڭىزنى قانداق شەكىللەندۈرىدۇ؟

جېيمىس كلىر

(بۇ ماقالە «Atomic Habits» دېگەن كىتابتىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ كىتاب «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئەڭ بازارلىق كىتابلار تىزىملىكىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. شۇنداقلا، ئەللىك نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مىقياسىدا توققۇز مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلغان)

نېمە ئۈچۈن ناچار ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىش شۇنچىلىك ئاسان، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش شۇنچە قىيىن؟ كۆندىلىك ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش كىشىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆندىلىك ئادەتلەرنىڭ تەسىر كۈچى باشقا ھەممە نەرسىدىن دېگۈدەك ئېشىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، كېلەر يىلىنىڭ مۇشۇ كۈنى سىز ھازىرقىغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشىڭىز، ئەھۋالىڭىزدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولماسلىقى مۇمكىن. ھەقىقىي تىرىشچانلىق ۋەياكى بەزى بەزىدە پارتلاپ قالىدىغان ۋاقىتلىق ھاياجان بولغان تەقدىردىمۇ، ياخشى ئادەتنى ئۇدا داۋاملاشتۇرۇش يەنىلا تەسكە توختايدۇ. بەدەن چېنىقتۇرۇش، جىمجىت تەپەككۇر قىلىش، كۆندىلىك خاتىرە يېزىش دېگەندەك ئادەتلەرنى بىر-ئىككى كۈن داۋاملاشتۇرۇش ھېچقانچە ئىش بولمىغىنى بىلەن، بۇ خىل ئادەتلەرنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق داۋام قىلىشىڭىزغا كۈچىگىنىڭىزدىن كېيىنلا، بۇ ئىشلار سىزنى بىزار قىلىشقا باشلايدۇ.

ھالبۇكى، ئادەت يېتىلدۈرۈلگەن ھامان، ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئادەتلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ــ بولۇپمۇ ناچار ئادەتلەردىن ــ ئاسانلىقچە قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. گەرچە بىزنىڭ ناچار ئادەتلەردىن قۇتۇلۇش ئىستىكىمىز ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى يېيىش، تېلېۋىزورنى كۆپ كۆرۈش (بوگۇنكى كۈندە توردا لاغايلاش) ۋە تاماكا چېكىش دېگەندەك بەزى ناچار ئادەتلەرنى تەرك ئېتىش (بۇ خىل ئىشلارغا ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشىلەرگە نىسبەتەن) يەنىلا بەسىي مۇشكۈل توختايدۇ.

ئادەتتە ئۆزگەرتىشنىڭ بۇ قەدەر مۈشكۈل بولۇشىدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: (1) بىز ئۆزگەرتمەكچى بولغان ئىشنىڭ نېمىلىكىگە توغرا يەكۈن قويالماسلىقىمىز؛ (2) بىز ئادەتلىرىمىزنى خاتا تەرزدە ئۆزگەرتمەكچى بولىمىز.

مەن بۇ بابتا بىرىنچى نۇقتىنى مۇھاكىمە قىلىمەن ۋە كېيىنكى بابلاردا ئىككىنچى مەسىلىگە جاۋاب بېرىمەن.

<u>قىلمىشنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈچ قاتلىمى</u>




ئۈچىنچى رەسىم: قىلمىشنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈچ قاتلىمى بار: نەتىجىنىڭ ئۆزگىرىشى، جەرياننىڭ ئۆزگىرىشى ياكى سالاھىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى

(ناچار ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتىشتە) بىز سادىر قىلىدىغان بىرىنچى خاتالىق ئۆزىمىز ئۆزگەرتمەكچى بولغان نەرسىنى خاتا تاللىۋېلىشتۇر. مېنىڭ مەقسىتىمنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، سىز ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىش جەريانىنى پىيازنىڭ پوستلىرىغا ئوخشاش ئۈچ قاتلامغا ئايرىڭ.

بىرىنچى قاتلام نەتىجىنى ئۆزگەرتىشتۇر. بۇ قاتلام نەتىجىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە ئالاقىداردۇر. مەسىلەن، ئورۇقلاش، كىتاب نەشىر قىلدۇرۇش، چېمپىيون بولۇش دېگەندەك. سىز بېكىتكەن نىشانلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ قاتلام بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچى قاتلام جەريانىنى ئۆزگەرتىشتۇر. بۇ قاتلام سىزنىڭ ئادەت ۋە سىستېمىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە ئالاقىداردۇر. مەسىلەن، بېكىتكەن ۋاقىتتا چېنىقىش زالىغا بېرىپ چېنىقىش، خىزمەت ئۈنۈمىڭىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈستەلىنى قەرەللىك ھالدا رەتلەش، شۇنداقلا جىمجىت تەپەككۇر قىلىشنى مەشىق قىلىش دېگەندەك. سىز يېتىلدۈرگەن كۆپىنچە ئادەتلەر مۇشۇ قاتلام بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۈچىنچى، شۇنداقلا ئەڭ چوڭقۇر قاتلام سالاھىيەتنى ئۆزگەرتىشتۇر. بۇ قاتلام سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىزنى، جۈملىدىن دۇنيا قارىشىڭىزنى، ئۆزلۈك ئوبرازىڭىزنى، ئۆزىڭىز ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە ئالاقىداردۇر.

سىزنىڭ كۆپىنچە كۆز قارىشىڭىز (ئەقىدىڭىز)، پەرىزىڭىز ۋە بىر تەرەپلىمىلىكىڭىز مۇشۇ قاتلام بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

نەتىجە سىزنىڭ نېمىگە ئېرىشكەنلىكىڭىزدىن، جەريان نېمە قىلغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. سالاھىيەت بولسا سىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىڭىزغا ئالاقىداردۇر. ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان ئادەت يېتىلدۈرۈش ھەمدە بىر پىرسەنتتىن ئىلگىرىلەيدىغان سىستېما بەرپا قىلىش توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا، مەسىلە قايسى قاتلامنىڭ قايسى قاتلامدىن «بەكرەك ياخشى» ياكى «بەكرەك ناچار» ئىكەنلىكىدە ئەمەس. بارلىق قاتلاملاردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۆزىگە خاس رولى بار. مۇھىمى ئۆزگىرىشنىڭ يۆنىلىشىدۇر.

نۇرغۇن كىشىلەر ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىغاندا، دىققىتىنى يەتمەكچى بولغان نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئاداققى نەتىجىنى ئاساس قىلغان ئادەت يېتىلدۈرۈشىمىزگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى توغرا ئۇسۇل سالاھىيەتنى ئاساس قىلغان ئادەت يېتىلدۈرۈشتۇر. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ شاراپىتىدە، بىزنىڭ چىقىش نۇقتىمىز «قانداق ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمىز» بولىدۇ.

**نەتىجىنى ئاساس قىلغان ئادەتلەر**




**سالاھىيەتنى ئاساس قىلغان ئادەتلەر**




تۆتىنچى رەسىم: نەتىجىنى ئاساس قىلغان ئادەتكە نىسبەتەن، مۇھىمى سىز يەتمەكچى بولغان نىشاندۇر.
سالاھىيەتنى ئاساس قىلغان ئادەتتە بولسا، مۇھىمى سىزنىڭ كىمگە ئايلانماقچى ئىكەنلىكىڭىزدۇر.

ئىككى ئادەمنىڭ تاماكا تاشلىماقچى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. باشقا بەڭگىلەر (بەڭگى ــ تاماكا، ناس قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆپ چېكىشكە ئادەتلەنگەن كىشى، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دىن، ت) ئۇ ئىككىيلەنگە تاماكا تەڭلىگەندە، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى: «بولدى، مەن تاماكا تاشلاۋاتقان» دەيدۇ. بۇ ئاڭلىماقا مۇۋاپىق سەۋەبتەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزىدىكى يوشۇرۇن مەنە بۇ ئادەمنىڭ ھېلىھەم ئۆزىنى بەڭگى دەپ قارايدىغانلىقىغا، پەقەت ئۆزىنى

ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشۋاتقانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇلار (تاماكا تاشلاشتىن ئىبارەت) نىيەتنى قەلبكە پۈككەن ھامان، ئۆز قىلمىشىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئىككىنچى كىشى بولسا: «بولدى، مەن تاماكا چەكمەيمەن» دەيدۇ. بۇ ئىنكاس ئالدىنقى كىشىنىڭكىدىن شۇنچىكى پەرقلەنسىمۇ، ئەمما بۇ ئاشۇ كىشىنىڭ سالاھىيىتىدىكى ئۆزگىرىشكە دالالەت قىلىدۇ. تاماكا چېكىش ئۇلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىنىڭ ئەمەس، پەقەت ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئۇلار ئەمدى ئۆزىنى بەڭگى دەپ قارىماس بولغان.

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشكە كۆچەۋاتقاندا، سالاھىيەتنى ئۆزگەرتىشنى پەقەتلا ئويلاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئويى تولىمۇ ئاددىي: «مەن ئورۇقلىماقچى (نەتىجە)، ئەگەر مەن بۇ خىل ئورۇقلىنىش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرسام، چوقۇم ئورۇقلىيالايمەن (جەريان).» ئۇلار نىشان بېكىتىشىدۇ ھەمدە ئاشۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت قوللىنىشنى قارار قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدىغان كۆز قاراش توغرىسىدا پەقەتلا ئويلانمايدۇ. ئۇلار ھەرگىز ئۆزلىرىگە قاراش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، شۇنداقلا كونا سالاھىيىتىنىڭ يېڭى ئىسلاھات پىلانلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

ھەربىر ھەرىكەت سىستېمىسىنىڭ ئارقىسىدا بىر يۈرۈش قىممەت قاراش سىستېمىسى بار بولىدۇ. گەپ بولۇنغۇچى مەيلى بىر شەخس، تەشكىلات ياكى جەمئىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدە ئوخشاش ئەندىزە مەۋجۇت. سىستېما بىر يۈرۈش ئېتىقاد (قەتئىي ئىشىنىش) ۋە پەرەزلەردىن ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بولۇپ، ئۇ دەل ئادەتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان سالاھىيەتتۇر.

سالاھىيەتكە ماس كەلمەيدىغان قىلمىش ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. سىز تېخىمۇ كۆپ پۇل يىغىشنى ئويلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، ئەگەر سىز ئىستېمال قىلىشنىلا ئويلاپ، بايلىق يارىتىشنى خالىمايدىغان ئادەم بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆزىڭىز تۇيماستىن ئىستېمالغا بېرىلىپ كېتىپ، تىرىشىپ پۇل تېپىشقا كۆچمەيسىز. سىز بەدىنىڭىزنىڭ تېخىمۇ ساغلام بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئەگەر سىز دائىم راھەتپەرەسلىك قىلسىڭىز، ھېچقانداق چېنىقىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانمايسىز. ئەگەر سىز ئۆتمۈشتىكى قىلمىشلىرىڭىزغا يېتەكچىلىك قىلغان يوشۇرۇن قىممەت قاراشلارنى ئۆزگەرتىپ باقمىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئادەتلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز تولىمۇ تەسكە توختايدۇ. يېڭى نىشان ۋە يېڭى پىلانلارنى بېكىتكەن بولسىمۇ، ئەمما سىز يەنىلا سىز، ئارىلىقتا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق.

كولورادو شتاتى بوۋلدېر شەھىرىدىكى كارخانىچى برەيىن كلاركنىڭ (Brain Clark) ھېكايىسى بۇنىڭ ئىنتايىن ياخشى مىسالىدۇر. كلارك ماڭا شۇنداق دېدى: «نۇرغۇن ۋاقىتلار

ئىلگىرىلا، تىرنىقىمنى چىشلەيدىغان ئادىتىم بار ئىدى. مەن كىچىك چاغلىرىمدا جىددىيلىكىمنى پەسەيتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتىم، كېيىن بۇ كىشىنى بىزار قىلىدىغان تەبىئىي ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالدى. بىر كۈنى مەن تىرنىقىمنى ئىككىنچىلەپ چىشلىمەسلىككە بەل باغلىدىم. تىرناقلىرىم ئازراق ئۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، كۈچلۈك ئىرادەمگە تايىنىپلا، بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم.»

ئاندىن، كلارك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلغان.

«مەن ئايالىمنى تىرناق ياسىغۇچى چاقىرىشقا بۇيرۇدۇم. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم تىرنىقىمنى باشقىلارغا ياساتقىنىم ئىدى. مەن ‹ئەگەر پۇل خەجلەپ تىرنىقىمنى ياساتسام، تىرناقلىرىمنى چىشلىمەيدىغان بولىمەن› دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ چارە ئاجايىپ ئۈنۈم بەردى. لېكىن، بۇ پۇل سەۋەبلىك ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، (قالايمىقان چىشلىۋېتىلگەن ئەمەس، بەلكى) چىرايلىق ياسالغان تىرناقلىرىم بارماقلىرىمنى تۇنجى قېتىم تولىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. تىرناق ياسىغۇچى ھەتتا چىشلەشتىن قالغان ئىزلاردىن باشقا، تىرناقلىرىمنىڭ تولىمۇ ساغلام كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن تۇيۇقسىزلا تىرناقلىرىمدىن پەخىرلىنىشكە باشلىدىم. گەرچە، مەن بۇنىڭغا تەلپۈنۈپ باقمىغان بولساممۇ، ئەمما بۇ ھەقىقەتەن ماڭا يېڭى قۇرۇقلۇقنى بايقىغاندەك ھاياجان ئاتا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن تىرناقلىرىمنى چىشلەپ باقمىدىم؛ ھەتتا، ئۇلارنى چىشلەشنى خىيال قىلىپمۇ باقمىدىم. چۈنكى، مەن ھازىر تىرناقلىرىمنى ئاسرىيالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن.»

ئىچكى رىغبەتنىڭ ئاداققى شەكلى ئادەت بىلەن سالاھىيەتنىڭ بىر گەۋدىلىشىپ كېتىشىدۇر. «مۇنداق ئادەم بولغۇم بار» دېيىش ئايرىم گەپ، «مەن ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق ئادەم» دېيىش يەنە ئايرىم گەپ.

سىز ئۆز سالاھىيىتىڭىزنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىدىن قانچە پەخىرلەنسىڭىز، شۇنىڭغا ئالاقىدار ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولغان رىغبىتىڭىز شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر سىز پارقىراق چاچلىرىڭىزدىن پەخىرلەنسىڭىز، ئۇنى ئاسرايدىغان تۈرلۈك ئادەتلەرنى يېتىلدۈرىسىز. ئەگەر سىز بۆرتۈپ چىققان مۇسكۇللىرىڭىزدىن پەخىرلەنسىڭىز، كۈچ مەشقى قىلىدىغان پۇرسەتلەرنى ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىسىز. ئەگەر سىز شارپىڭىزدىن پەخىرلەنسىڭىز، ھەر ھەپتىدە شارپا توقۇش ئۈچۈن بىر قانچە سائەت ۋاقىت ئاجرىتىشىڭىز مۇمكىن. مەلۇم بىر نەرسىگە قارىتا ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى بارلا بولسا، سىز ئادىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بار كۈچىڭىزنى ئىشقا سالىسىز.

سالاھىيەتتىكى ئۆزگىرىش قىلمىش جەھەتتىكى ھەقىقىي ئۆزگىرىشتۇر. سىز مۇئەييەن مەقسەتتە مەلۇم بىر خىل ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئاشۇ ئادەتنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ چوقۇم سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىز بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق ئادەم ئىككى-ئۈچ قېتىم چېنىقىش زالىغا بارالايدۇ، ياكى بىر-ئىككى ۋاخ ساغلام ئوزۇقلىنالايدۇ. لېكىن، ئەگەر سىز قىلمىشنىڭ ئارقىسىدىكى چۈشەنچىنى ئۆزگەرتمىسىڭىز، ئادەتنى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرۇشىڭىز تەسكە توختايدۇ. ئادەت سالاھىيەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانمىغان تەقدىردە، ياخشىلىنىش پەقەت ۋاقىتلىق بولىدۇ.

نىشان بىر پارچە كىتاب ئوقۇش ئەمەس، بەلكى دائىمىي ئوقۇرمەنگە ئايلىنىشتۇر.

نىشان مارافونچە يۈگۈرۈش ئەمەس، بەلكى يۈگۈرگۈچىگە ئايلىنىشتۇر.

نىشان ئون كىلو ئورۇقلاش ئەمەس، بەلكى ساغلام ئوزۇقلىنىدىغان ساغلام كىشىگە ئايلىنىشتۇر.

كۆپىنچە ھاللاردا قىلمىشلىرىڭىز سالاھىيىتىڭىزگە دالالەت قىلىدۇ. قىلمىشلىرىڭىز سىزنىڭ — مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بولسۇن — ئۆزىڭىزنى قايسى خىل ئادەم دەپ قارايدىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئادەم ئۆز سالاھىيىتىنىڭ مۇئەييەن تەرەپلىرىنى تولۇق ئېتىراپ قىلغان ھامان، ئۇنىڭ شۇ خىل تەرزدە ئىش قىلىش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. مەسىلەن، ئۆزىنى «سايلىغۇچى» دەپ قارايدىغانلار نوقۇل ھالدا «بېلەت تاشلىماقچىمەن» دەيدىغانلارغا قارىغاندا، سايلامغا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىشى مۇمكىن. يەنە شۇنىڭدەك، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئۆز سالاھىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ بولغان كىشىنىڭ ئۆزىنى قەرەللىك ھالدا چېنىقىشقا زورلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. قىلمىش-ئەتمىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى قايسى خىل ئادەم دەپ قارايدىغانلىقىڭىزغا دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ.

ئادەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى بارلىق جەھەتلەرگە ئوخشاش، بۇمۇ قوش بىسلىق خەنجەردۇر. ئۇ سىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغاندا، سالاھىيەت ئۆزىڭىزنى يۈكسەلدۈرۈشىڭىزدىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ سىز بىلەن قارشىلاشقاندا، سالاھىيەتنى ئۆزگەرتىش ئاپەتنىڭ يىلتىزى بولۇشى مۇمكىن. سىز مەلۇم بىر خىل سالاھىيەتنى قوبۇل قىلغان ھامان، سىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىڭىز ئاسانلا سىزنىڭ ئۆزگىرىش ئىقتىدارىڭىزغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر گالدى-گۇلدۇڭلۇق ئىلكىدە بىر ئۆمۈرنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز سالاھىيىتىگە لايىق ئۆلچەمگە قارىغۇلارچە بويسۇنۇپ ياشايدۇ. ئۇلار

«مەن يۆنىلىشنى پەرقلەندۈرەلمەيمەن.»

«سەھەر تۇرالمايمەن.»

«باشقىلارنىڭ ئىسمىنى ئېسىمدە تۇتالمايمەن.»

«دائىم كېچىكىپ قالىمەن.»

«تېخنىكىلىق ئىشلارغا ئېپىم يوق.»

«ماتېماتىكام ناچار.»

قاتارلىق بىر تالاي سالاھىيەت بەلگىلىرىنى ئۆزلىرىگە چاپلىۋېلىشىدۇ.

يىللار ئۇخشاش تەرزدە ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، سىز ئۇخشاش ھېكايىنى ئۆز-ئۆزىڭىزگە ئېيتىۋېرىسىز-دە، نەتىجىدە ئاسانلا ئاشۇ خىل پىسخىكىلىق قېلىپقا ئەسىر بولۇپ، ئۇنى راست دەپ قارايدىغان بولىسىز. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، سىز بەزى قىلمىشلارنى يەكلەيدىغان بولۇۋالىسىز، چۈنكى ئۇ «سىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش» ئەمەس. ئاللىقانداق كۆرۈنمەس ئىچكى بېسىم سىزنى ئۆزلۈك ئوبرازىڭىزنى قوغداشقا، شۇنداقلا قىلمىش شەكلىڭىزنى قىممەت قاراشلىرىڭىزغا ماسلاشتۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ. سىز ئۆز سالاھىيىتىڭىزگە زىت ئىش قىلماسلىق ئۈچۈن، بار كۈچىڭىز بىلەن پالاقلايسىز.

مەلۇم ئوي ياكى قىلمىش سالاھىيىتىڭىزگە قانچە بەك ماس كەلسە، ئۇنى ئۆزگەرتىش شۇنچە تەسكە توختايدۇ. كۈلتۈرەل تورپىڭىزغا ئەگىشىش ياكى ئۆزلۈك ئوبرازىڭىزنى قوغداش — ھەتتا خاتا بولغان تەقدىردىمۇ — سىزگە خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ. مەيلى شەخس، تەشكىلات ياكى جەمئىيەت قاتلىمىدا بولسۇن، ھەرقانداق قاتلامدىكى ئەجابىي ئۆزگىرىشنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى سالاھىيەتتىكى زىتلىقتۇر. ئەقلىڭىز ئەلۋەتتە سىزگە ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەكلىكىنى تەلقىن قىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇلار (يەنى سىز يېتىلدۈرمەكچى بولغان ياخشى ئادەتلەر) سالاھىيىتىڭىز بىلەن توقۇنۇشقاندا، سىز ئۇلارنى رويابقا چىقىرالمايسىز.

ھەرقانداق بىر كۈندە، پەۋقۇلئاددە ئالدىراشلىق، زىيادە ھارغىنلىق ياكى سان-ساناقسىز باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئادەتلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرالماي قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا، سىزنىڭ ئادەتلەرنى داۋاملاشتۇرالماسلىقىڭىزدىكى ھەقىقىي سەۋەب ئۆزلۈك ئوبرازىڭىزنىڭ سىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىدۇر. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، سىز (ساغلام ئەقىدىنىڭ سىرتىدىكى) مەلۇم بىر خىل سالاھىيەتكە زىيادە يېپىشىپ قالماسلىقىڭىز كېرەك. ئىلگىرىلەش سىزدىن سەلبىي كونا نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىجابىي يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆز ئېتىقادلىرىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەۋجۇت قىممەت

قاراشلىرىڭىزنى ئۆزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىپ تۇرۇشىڭىز، يۇكسەلدۈرۈشىڭىز، سالاھىيىتىڭىزنى «كېڭەيتىشىڭىز» كېرەك.

بۇ يەردە مۇنداق بىر مۇھىم تېما ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: ئەگەر قىممەت قاراشلىرىڭىز قىلمىشىڭىزدا شۇ قەدەر مۇھىم رول ئوينىسا، ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە قەيەردىن كەلگەن؟ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىز قانداق شەكىللەنگەن؟ سىز قانداق قىلغاندا سالاھىيىتىڭىزدىكى ئۆزىڭىزگە پايدىلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئاشۇ قىسمىنى ئاستا-ئاستا يوقىتالايسىز؟

## سالاھىيىتىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزدىكى ئىككى باسقۇچلۇق جەريان

سالاھىيىتىڭىز ئادىتىڭىزدىن مەنبەلىنىدۇ. سىزدە تۇغما ئېتىقاد ۋە قىممەت قاراش بولمايدۇ. ھەربىر چۈشەنچە — ھەتتا، سىزنىڭ ئۆزىڭىز توغرىسىدىكى چۈشەنچىڭىزمۇ — كېيىنچە ئۆگىنىلگەن ۋە تەجرىبە ئارقىلىق يېتىلگەن بولىدۇ.

تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئادىتىڭىز سالاھىيىتىڭىزنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. ئەگەر سىز ھەركۈنى يوتقان-كۆرپىلىرىڭىزنى يىغىدىغان بولسىڭىز، رەتلىك ئادەمنىڭ سالاھىيىتىنى نامايەن قىلغان بولىسىز. ھەركۈنى يېزىقچىلىق قىلسىڭىز، ئىجادىيلىقى كۈچلۈك كىشىنىڭ سالاھىيىتى نامايەن قىلغان بولىسىز. ئەگەر سىز ھەر كۈنى چېنىقسىڭىز، تەنھەرىكەتچىنىڭ سالاھىيىتىنى نامايەن قىلغان بولىسىز.

بىر خىل قىلمىش قانچە كۆپ تەكرارلانسا، ئۇنىڭغا ئالاقىدار سالاھىيەتمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سالاھىيەت دېگەن بۇ سۆز ئەڭ دەسلەپتە لاتىن تىلىدىكى «مەۋجۇتلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «essentitas» بىلەن «تەكرارلاش» مەنىسىدىكى «identidem» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، سالاھىيىتىڭىز ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ «تەكرار مەۋجۇتلۇق»ىڭىزدۇر.

سىزنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتىڭىزنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىشىڭىزدىكى بىردىنبىر سەۋەب، سىزنىڭ شۇنداق قىلىشقا پاكىتىڭىز بارلىقىدۇر. ئەگەر سىز ئۇدا يىگىرمە يىل ھەر ھەپتىدە ئىبادەتخانىغا بارغان بولسىڭىز، دىندار ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلىيالايسىز. ئەگەر سىز ھەركۈنى ئاخشىمى بىرەر سائەت ۋاقىت ئاجرىتىپ كىتاب ئوقۇسىڭىز، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكىڭىزنى دەلىللەيدىغان پاكىتىڭىز بار بولىدۇ. ئەگەر سىز قار

ياغقاندىمۇ چىنىقىش زالىغا بارسىڭىز، بۇ سىزنىڭ چىنىقىش نىيىتىڭىزنىڭ قەتئىي ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. سىزنىڭ مەلۇم بىر چۈشەنچە توغرىسىدىكى پاكىتلىرىڭىز قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچە بەك ئىشىنىسىز.

مەن هاياتىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىنىڭ كۆپىنچە قىسمىدا، ئۆزۈمنى يازغۇچى دەپ قارىمايتتىم. ئەگەر سىز ماڭا دەرس بەرگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرىدىن مەن توغرىلىق سوراشقا پۇرسەت تاپالىسىڭىز، ئۇلار سىزگە مېنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيەمنىڭ ئېشىپ كەتسە ئوتتۇراھال ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ مۇنەۋۋەر دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى دەپ بېرىدۇ. مەن يېزىقچىلىقنى باشلىغان دەسلەپكى بىر قانچە يىلدا ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى بىر پارچىدىن ماقالە ئېلان قىلاتتىم. «پاكىت»لارنىڭ جۇغلىنىشىغا ئەگىشىپ، مېنىڭ ئۆز نەزىرىمدىكى يازغۇچىلىق سالاھىيىتىممۇ كۈچىيىپ باردى. يەنى مەن ئەسلىدە يازغۇچى ئەمەس ئىدىم، ئەمما ئادىتىم مېنى يازغۇچىغا ئايلاندۇردى.

ئەلۋەتتە، ئادىتىڭىز سالاھىيىتىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر قىلمىش ئەمەس، لېكىن ئادەتنىڭ تەكرارلىنىش چاستوتىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغاچقا، ئۇ ھەممىدىن مۇھىم ئامىلغا ئايلانغان. تۇرمۇشتىكى ھەر قېتىملىق كەچمىش سىزنىڭ ئۆزلۈك ئوبرازىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ. لېكىن، سىز بىر قېتىم پۇتبول ئويناش ئارقىلىقلا سىز پۇتبولچى دەپ قارىيالمايسىز، ئۆزىڭىزنى سەنئەتچى دەپ قارىيالمايسىز. بىرەر پارچە رەسىم سىزىپ قويۇپلا، ئۆزىڭىزنى سەنئەتچى دەپ قارىيالمايسىز. ھالبۇكى، سىز بۇ ئىشلارنى توختىماي تەكرارلىسىڭىز، ئۆزلۈك ئوبرازىڭىز شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزگىرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بىر قېتىملىق كەچۈرمىشنىڭ تەسىرى ئاستا-ئاستا يوقىلىدۇ-يۇ، ئادەتنىڭ تەسىرى كۈنسېرى كۈچىيىدۇ. بۇ سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىزنى شەكىللەندۈرىدىغان كۆپىنچە پاكىتنىڭ ئادەت تەرىپىدىن تەمىنلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەت يېتىلدۈرۈش جەريانى ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە ئايلىنىش جەريانىڭىزدۇر.

بۇ تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ، بىز تۇيۇقسىزلا بىر ئىشقا بەل باغلاپ، ئاندىن تامامەن يېڭىچە ئادەمگە ئايلىنالمايمىز. ئۆزگىرىش ئاستا-ئاستا، ئادەتلەرنىڭ تەكرار-تەكرار جۇغلىنىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ھەربىر ئادەت گويا سىزگە «ھەي! بەلكىم مەن مۇشۇنداق ئادەم بولسام كېرەك» دەۋاتقان بولىدۇ. مەسىلەن، سىز بىر پارچە كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكەن بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز كىتابخۇمارلاردىن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر سىز چىنىقىش زالىغا بارسىڭىز، ئۇنداقتا چىنىقىشنى ياخشى كۆرىدىغانلاردىن بولۇشىڭىز مۇمكىن.

قىلغان ھەربىر ئىشىڭىز سىز ئايلانماقچى بولغان ئاشۇ ئادەمگە «بىلەت» تاشلىغانلىقتۇر. بىرەر ئىشنى بىر-ئىككى قېتىم قىلىش سىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىڭىزنى ۋە چۈشەنچىڭىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. لېكىن، «بىلەت» سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى سالاھىيىتىڭىز توغرىسىدىكى پاكىتلارمۇ ئۆزگىرىدۇ. مانا بۇ ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ شىددەتلىك ئۆزگىرىش بولۇشى شەرت ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. ئادەتلەنگەن كىچىك قىلمىشلار يېڭى سالاھىيەتنى پاكىت بىلەن تەمىنلەپ، ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ئەگەر ئۆزگىرىش ئەھمىيەتلىك بولسا، ئۇنداقتا ئۇ زور ئۆزگىرىشتۇر. مانا بۇ مىكرو ئىلگىرىلەشتىكى پارادوكستۇر (يەنى بۇ يەردە «كىچىك ئىلگىرىلەش ئەمەلىيەتتە چوڭ ئىلگىرىلەشتۇر» دېيىلگەن زىتلىق مەۋجۇت، ت).

سىز يۇقىرىقىلاردىن سالاھىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئادەتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈپ يېتەلەيسىز. ئۆز سالاھىيىتىڭىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ رېئال چارىسى قىلمىشىڭىزنى ئۆزگەرتىشتۇر.

ھەرقېتىم بىرەر بەت يازما يازغىنىڭىزدا، سىز بىر نەپەر يازغۇچىسىز.

ھەر قېتىم چېنىقىشنى باشلىغىنىڭىزدا، سىز بىر تەنھەرىكەتچىسىز.

ھەر قېتىم خىزمەتچىلىرىڭىزنى ئىلھاملاندۇرغىنىڭىزدا، سىز بىر رەھبەرسىز.

ھەرقانداق ئادەت نەتىجە ھاسىل قىلىپلا قالماي سىزگە يەنە تېخىمۇ مۇھىم ئىشنى، يەنى ئۆزىڭىزگە ئىشىنىشنى ئۆگىتىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقەتەن شۇ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىشكە باشلايسىز. «بىلەت» سانى كۆپىيىپ، ئىسپاتلار ئۆزگىرىشكە باشلىغاندا، سىز ئۆز-ئۆزىڭىزگە ئېيتىدىغان ھېكايىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئادەت دەل شۇنىڭ ئەكسىچە رول ئوينىشىمۇ مۇمكىن. سىز ھەرقېتىم ناچار ئادەتنى تاللىغان چېغىڭىزدا، ئاشۇ خىل ناچار سالاھىيىتىڭىزگە «بىلەت» تاشلاۋاتقان بولىسىز. ياخشى يېرى، سىزنىڭ چوقۇم مۇكەممەل بولۇشىڭىز شەرت ئەمەس. ھەرقانداق سايلامدا، ئىككىلا تەرەپ مۇئەييەن بىلەتكە ئېرىشىدۇ؛ سايلامدا يېڭىش ئۈچۈن بىلەتنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىش شەرت ئەمەس. سىزنىڭ نىشانىڭىز ئىمكانقەدەر كۆپ بىلەتكە ئېرىشىشتۇر.

يېڭى سالاھىيەت يېڭى پاكىتلارغا موھتاج. ئەگەر سىز ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بىلەت تاشلاۋەرسىڭىز، ئېرىشىدىغان نەتىجىڭىزمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر قىلمىشلىرىڭىز ئۆز پېتى داۋاملاشسا، ئېرىشكەن نەتىجىلىرىڭىزدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

بۇ تولىمۇ ئاددىي ئىككى قەدەملىك جەرياندۇر:

(1) قانداق ئادەم بولغۇڭىز بارلىقىنى قارار قىلىش.

(2) كىچىك غەلىبىلەر ئارقىلىق ئۆزىڭىز ئۈچۈن «پاكىت» توپلاڭ.

ئالدى بىلەن، قانداق ئادەم بولغۇڭىز بارلىقىنى بېكىتىڭ. بۇ شەخس، تەشكىلات، جەمئىيەت، دۆلەت قاتارلىق بارچە قاتلاملارغا ماس كېلىدۇ. سىز نېمىگە ۋەكىللىك قىلماقچى؟ پرىنسىپ ۋە قىممەت قاراشلىرىڭىز نېمە؟ قانداق ئادەم بولغۇڭىز بار؟

بۇلار ھەممىسى چوڭ سوئاللار بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر گەپنى قەيەردە باشلاشنى بىلەلمەي قالىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زادى قانداق نەتىجىگە ئېرىشكۈسى بارلىقىنى بىلىدۇ. مەسىلەن، ئالتە پارچە قورساق مۇسكۇلى چىقىرىش، تەشۋىشتىن قۇتۇلۇش ياكى مائاشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش دېگەندەك. ئۇنداقتا، مۇشۇنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىڭىزدىن ئارقىغا قايتىپ، قانداق ئادەملەرنىڭ ئاشۇنداق نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالسىڭىز بولىدۇ. ئۆزىڭىزگە: «مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر زادى قانداق ئادەملەر؟ قانداق ئادەم قىرىق قاداق ئورۇقلىيالايدۇ؟ قانداق ئادەم چەتئەل تىلى ئۆگىنەلەيدۇ؟ قانداق ئادەم ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىگىلىك تىكلىيەلەيدۇ؟» دەپ سوئال قويۇڭ.

مەسىلەن، «قانداق ئادەم كىتاب يازالايدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەپ باقساق، بۇلار قېتىرقىنىپ ئىزدىنىدىغان، سەممىي، ئىشەنچلىك كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، ئەمدى دىققىتىڭىز (نەتىجىنى ئاساس قىلغان) كىتاب يېزىشتىن، (سالاھىيەتنى ئاساس قىلغان) قېتىرقىنىپ ئىزدىنىدىغان، سەممىي، ئىشەنچلىك كىشىگە ئايلىنىشقا يۆتكىلىدۇ.

بۇ جەريان مۇنداق كۆز قاراش شەكىللىنىشكە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن:

«مەن ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئوقۇتقۇچىمەن.»

«مەن ھەربىر بىمارغا يېتەرلىك دەرىجىدە غەمخورلۇق قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى چامىسىنىڭ يېتىشىچە داۋالايدىغان دوختۇرمەن.»

«مەن خىزمەتچىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ياقلايدىغان دىرېكتورمەن.»

قانداق ئادەمگە ئايلانماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان ھامان، ئۆزىڭىز ئېرىشمەكچى بولغان سالاھىيەتنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بەزى كىچىك قەدەملەرنى باسسىڭىز بولىدۇ. بىر دوستۇم يۈز قاداقتىن كۆپرەك ئورۇقلىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەخپىيەتلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزىدىن: «ساغلام ئادەملەر نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟» دەپ سوراپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مۇشۇ سوئالنى مەركەز قىلىپتۇ. ساغلام كىشىلەر پىيادە ماڭامدۇ ياكى تاكسىغا ئولتۇرامدۇ؟ ساغلام كىشىلەر قوناق ئۇنىدا قىلىنغان قۇيماق يەمدۇ ياكى سالاتمۇ؟ ئۇ «ساغلام

ئادەملەرگە ئوخشاش يول تۇتسام ۋە بۇنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرسام، مەنمۇ ساغلام كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇنىڭ ئويى ھەقىقەتەن توغرا ئىدى.

«سالاھىيەتنى ئاساس قىلغان ئادەت»تىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ئۆز نۆۋىتىدە بۇ كىتابتىكى يەنە بىر ھالقىلىق تېما بولغان «قايتما ئىنكاس ھالقىسى»نىڭ (feedback loop) تۈنجى قېتىم تونۇشتۇرۇلۇشىدۇر. ئادىتىڭىز سالاھىيىتىڭىزنى، سالاھىيىتىڭىزمۇ ئادىتىڭىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ قوش لىنىيەلىك يولدۇر. بارلىق ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بىر قايتما ئىنكاس ھالقىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ (بىز كېيىنكى بابتا بۇ تېمىنى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىمىز)، لېكىن مۇھىمى بۇ ئايلانمىغا نەتىجىڭىزنىڭ ئەمەس، قىممەت قاراش، پرىنسىپ ۋە سالاھىيىتىڭىزنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشىدۇر. مۇھىمى سىزنىڭ قانداق كونكرېت نەتىجىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىڭىز ئەمەس، بەلكى قانداق ئادەمگە ئايلانماقچى ئىكەنلىكىڭىزدۇر.

## ئادەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى

سالاھىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزىدۇر. بۇ كىتابنىڭ قالغان قىسمىدا ئۆز ۋۇجۇدىڭىزدا، ئائىلىڭىزدە، كوللېكتىپىڭىزدا، شىركىتىڭىزدە ۋە ئۆزىڭىز خالىغان باشقا ھەرقانداق يەردە ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش قەدەممۇ قەدەم ئۆگىتىلىدۇ. لېكىن، بىز سوراشقا تېگىشلىك ئەسلى سوئال: «سىز ئۆزىڭىز ئايلانماقچى بولغان ئاشۇ خىل كىشىگە ئايلىنالىغانسىز؟» بىرىنچى قەدەم «نېمە» ياكى «قانداق» ئەمەس، بەلكى «كىم»دۇر. سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىمگە ئايلانماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. بولمىسا، ئۆزگىرىش ئىستىكىڭىز گويا رولى يوق پاراخوتقا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، بىز ئىشنى مۇشۇ يەردىن باشلىشىمىز كېرەك.

سىز ئۆزىڭىزگە بولغان تونۇشىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز. سالاھىيەت تۇراقلىق نەرسە ئەمەس. سىز ھەر ۋاقىت يېڭىچە قارار چىقىرالايسىز. سىز ئۆزىڭىز بۇگۈن تاللىغان ئادەتلەر ئارقىلىق ئۆزىڭىز كۈچەيتمەكچى بولغان سالاھىيەتلەرنى تاللىسىڭىز بولىدۇ. بۇ بىزنى مەزكۇر كىتابنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق نىشانى ھەمدە ئادەتنىڭ ھەممىدىن مۇھىملىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش ھەركۈنى تۇرمۇش ماھارەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ ھەركۈنى ئاخشىمى چىش يۇيۇش بىلەن چىشلارنى تازىلاش

ئەمەس، ھەركۈنى سەھەردە سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشمۇ ئەمەس، ياكى ھەركۈنى ئوخشاش كىيىملەرنى كىيىشمۇ ئەمەس. ئۇ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش، ئورۇقلاش ياكى بىرسىنى تۆۋەنلىتىش دېگەندەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۆلچەيدىغان تاشقى ئۆلچەملەرگە يېتىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. لېكىن، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياخشى ئادەتلەر مۇئەييەن نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشقا ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر خىل ئادەمگە ئايلىنىشقا ئالاقىداردۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئادەتلىرىڭىز ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ئۇلار سىزنىڭ ئۆزىڭىز ئايلاناماقچى بولغان ئادەمگە ئايلىنىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بولغان چوڭقۇر قاتلاملىق كۆز قارىشىڭىز ئادەتتىن ئىبارەت مۇشۇ قانال ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىسىز (يەنى ئادىتىڭىز نېمە بولسا، سىز شۇ).

باب خۇلاسىسى

- ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىدىكى ئۆزگىرىش، جەرياندىكى ئۆزگىرىش ۋە سالاھىيەتتىكى ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت ئۈچ قاتلىمى بار.
- ئادەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى يەتمەكچى بولغان نىشانىڭىزغا ئەمەس، بەلكى كىمگە ئايلاناماقچى ئىكەنلىكىڭىزگە كۆڭۈل بۆلۈشتۇر.
- سالاھىيىتىڭىز ئادىتىڭىز تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ھەربىر قىلمىش ئۆزىڭىز ئايلاناماقچى بولغان ئاشۇ خىل سالاھىيەت ئۈچۈن «بېلەت» تاشلىغانلىقتۇر.
- ئۆز ئىقتىدارىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەۋجۇت قىممەت قاراشلىرىڭىزنى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىپ تۈرۈشىڭىز، يۈكسەلدۈرۈشىڭىز، سالاھىيىتىڭىزنى «كېڭەيتىشىڭىز» كېرەك.
- ئادەتنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئىكەنلىكىدىكى ھەقىقىي سەۋەب ئۇلارنىڭ سىزگە تېخىمۇ ياخشى نەتىجە ئاتا قىلالايدىغانلىقى ئەمەس (گەرچە ئۇلار ھەقىقەتەن شۇنداق قىلالىسىمۇ)، بەلكى ئۇلارنىڭ سىزنىڭ ئۆزىڭىز توغرىسىدىكى كۆز قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىدۇر.

جېيمىس كلىرنىڭ «Atomic Habits» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# خىتايدا باش كۆتۈرۈۋاتقان «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» مىللەتچىلىكى

خۇ يەنۋېنئەن

# خىتايدا باش كۆتۈرۈۋاتقان «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» مىللەتچىلىكى

خۇ يەنۋېنئەن

(بۇ ماقالە «دىپلومات» تورىدا ئېلان قىلىنغان)

خىتاينىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋەزىيىتىدە، «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» (皇汉) مىللەتچىلىكى كۆرۈنەرلىك رەۋىشتە قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنمەكتە. بىر مەھەل چەتكە قېقىلغان بۇ ئاشقۇن خىتاي مىللەتچىلىكى كەيپىياتى ھازىر ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەت كۆز قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئۇنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى ۋە ھازىرقى ئىپادىسىنى چۈشىنىش خىتاينىڭ ئۆزگىرىۋاتقان يۆزلىنىشىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم.

خىتايلار خىتايدىكى ئەڭ چوڭ مىللەت بولۇپ، ئومۇمىي دۆلەت نوپۇسىنىڭ توقسان پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. «خىتاي مىللىتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ» دەيدىغان (بىمەنە) تارىخىي ئاڭدىن كېلىپ چىققان «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» كەيپىياتى تاڭ ۋە مىڭ سۇلالىسىگە ئوخشاش خىتايلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلالىلەرنىڭ خىتاي كۈلتۈرىنى كېڭەيتىش ۋە شەكىللەندۈرۈش جەھەتتىكى يادرولۇق رولىغا سىمۋول قىلىنغان. ھالبۇكى، خىتاي بولمىغان قەۋملەر قۇرغان سۇلالىلەر، بولۇپمۇ موڭغۇللارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى يۈەن سۇلالىسى ۋە مانجۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى چىڭ سۇلالىسى خىتاينىڭ ئېتنىك-مىللىي كىملىكىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى (1644~1911) دەۋرى ھەمىشە خىتاي مىللەتچىلىرى تەرىپىدىن مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ، بۇ سۇلالە ئۇنىڭ خىتاينىڭ مىراسلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىدىغان «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» مىللەتچىلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە تالاش-تارتىشلىقتۇر.

21-ئەسىردە، خىتاينىڭ يەر شارىۋى قايتا گۈللىنىشى سەۋەبىدىن خىتاي مىللەتچىلىكى قايتىدىن باش كۆتۈردى. خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ بۇ زامانىۋى نۇسخىسى خىتاينىڭ تارىختىكى «ھەيۋىتى»نى ئۆزگىچە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا زامانىۋى ئىپتىخار بىلەن قەدىمكى

شان ـ شۆھرەت ئۆز ـ ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. 2008 ـ يىلىدىن كېيىن، خىتاينىڭ ئۆزىنى دۇنياۋى چوڭ دۆلەت دەپ قارىشىغا ئەگىشىپ، «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» مىللەتچىلىكى كۈچىيىپ، زامانىۋى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە ئارقىلىق شەرھلەشكە تىرىشتى.

خىتاينىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئېشىش ۋە يەرشارىۋى تەسىر دەۋرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئۆتمۈشىگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىدى، «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» مىللەتچىلىرى بۇ دولقۇنىدىمۇ ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئالدى. بۇ نوقۇل ھالدا ئۆتمۈشنى سېغىنىش دولقۇنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېپتىخار، كىملىك ۋە دۇنيا مىقياسىدا ئېتىراپ قىلىنىش تەمەسىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ بىرىكمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» مىللەتچىلىكى خىتاينىڭ بايانلىرى ۋە سىياسىتىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتمەكتە.

## «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» مىللەتچىلىكىنىڭ ئۈچ يۈزى

خىتايدا «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» ھەرىكىتى خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك ئىپادىسى بولۇپ، رادىكاللار، مۇتەئەسسىپلەر ۋە رېۋىزىئونىزمچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ تارماققا بۆلۈنگەن. بۇلارنىڭ ھەر بىرى خىتاي مىللىتىنىڭ خىتاينىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىدىكى رولىغا نىسبەتەن ئۆزگىچە كۆز قاراشقا ئىگە.

رادىكاللار گۇرۇھى: ئۈچ گۇرۇھنىڭ ئىچىدىكى مەيدانى ئەڭ قەتئىي تائىپە ھېسابلىنىدىغان رادىكاللار خىتاينىڭ تارىختىكى كەڭ زېمىنىنى، جۈملىدىن ھەم خىتايلار ھۆكۈم سۈرگەن سۇلالىلەرنىڭ، ھەم ھۆكۈمدارلىرى خىتاي بولمىغان يۈەن ۋە چىڭ سۇلالىرىگە ئوخشاش سۇلالىلەرنىڭ زېمىنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئېڭى «قولدىن كەتكەن» زېمىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە خىتاي مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئارزۇسىنى تۈرتكە قىلغان.

بۇ رادىكال ئۇنسۇرلار ئىلگىرىكى — بولۇپمۇ ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كۆرگەن — خورلۇقلاردىن ئۆچ ئېلىشنىڭ كويىدا يۈرۈشىدۇ. ئۇلار خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلەش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ۋە كۈلتۈرەل مۇستەملىكە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چېكىدىن ئاشقان تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ.

مۇتەئەسسىپلەر گۇرۇھى: بۇلار زېمىن دەۋاسىدا ئۆزىگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھاي بېرىشىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەمەسى قەدىمكى خىتاي ئەدەبىياتى ۋە خاتىرىلىرىنى ئاساس قىلغان. ئۇلار

ئاشۇ قەدىمكى خىتايچە ئەسەرلەردىكى زېمىن تەسۋىرىگە ماس كېلىدىغان خىتاي تېررىتورىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى دەۋا قىلىشىدۇ. بۇ ئاتالمىش «قەدىمكى خىتاي تېررىتورىيەسى» سىبىرىيەدىكى بايقال كۆلىدىن شىمالىي ئامېرىكانىڭ روكىي تاغ تىزمىسىغىچە بولغان كەڭ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رادىكاللارغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ تېررىتورىيە تەمەسى ھەر خىل سۇلالىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ئەمەس، بەلكى «تاغ-دېڭىز خاتىرىلىرى» (山海经) قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرنى ئاساس قىلغان. مەزكۇر گۇرۇھتىكىلەر بۇ ئەسەرلەرنى خىتاينىڭ قەدىمكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى دەپ قارىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ تۇتۇمى يەنە تارىختا خىتايلارنى بوزەك قىلغان تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇشخور ئىستراتېگىيەلەرنى قوللىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ھەتتا ئىلگىرىكى تاجاۋۇزچىلىقلاردىن — بولۇپمۇ ياپونىيەنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قىلمىشلىرىدىن — ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن يادرو قورالى ئىشلىتىشنىمۇ تەشەببۇس قىلىشىدۇ.

رېۋىزىئونىزمچىلار گۇرۇھى: ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ بىرىكىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان رېۋىزىئونىزمچىلار گۇرۇھى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتاي مىراسلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى رولىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، خىتاي تارىخىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇلار خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنى بۇ مىراسنىڭ زامانىۋى نامايەندىسى دەپ قارايدۇ. بۇ گۇرۇھ خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى قەدىمكى خىتاي جەڭچىلىرىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «خىتايلار ئىزچىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن» دېگەن سەپسەتىنى بازارغا سالىدۇ.

بۇ مېتود بۈگۈننى ئۆتمۈش ئارقىلىق يوللۇقلاشتۇرۇپلا قالماي، كەلگۈسىگە بولغان تەسەۋۋۇرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. («خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» مىللەتچىلىرىدىن ئىبارەت) بۇ گۇرۇھ خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقادلىرىنى ھازىرقى خىتاي كىملىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ بەزىدە ماۋ زېدوڭنى (قىزىل كوممۇنىست ئەمەس، بەلكى) خىتاي مىللىتىنىڭ يېڭى رەھبىرى دەپ قاراشقا ئوخشاش بىرىكمە ئېتىقادنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خىتاينىڭ تارىخىي ۋە زامانىۋى ھېكايىلىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا سىمۋول قىلىنىدۇ.

بۇ ئۈچ گۇرۇھ ھازىرقى خىتايدىكى خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ مۇرەككەپ ئەندىزىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇتەئەسسىپلەر ۋە رادىكاللارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىرى ۋە چېكىدىن ئاشقان تەلىپى بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا رېۋىزىئونىزمچىلار بىلەن بىرلىكتە «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» ھېكايىسىنىڭ داۋاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. خىتاينىڭ يەرشارىۋى

تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ گۇرۇھلارنىڭ ئىدېئولوگىيەسى ۋە ھەرىكىتى كۈنسېرى مۇھىملىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا سەھنىدىكى يوشۇرۇن تەسىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىش زۆرۈر.

بۇ ھەرىكەت خىتاينىڭ تارىخىي ئېغىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ ئاڭدا خىتايلارنىڭ كىملىكى كۆپ سانلىقتا ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە دۆلەتنىڭ تارىخىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئاساسلىق رول ئوينىغان، دەپ قارىلىدۇ. بۇ گۇرۇھ خەن سۇلالىسىنىڭ «شان-شۆھرىتى» ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئويغىتىپ، ئۆتمۈشتىكى كۈلتۈرەل ۋە ھەربىي كۈچنى ھازىرقى تەمە بىلەن باغلايدۇ. بولۇپمۇ، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قوشۇننى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىي چىقىمنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ 2020-يىلىدىن بۇيانقى ئەڭ كەڭ قوللىنىلغان سىياسىي شوئارى مۇنداقتۇر: «ئەگەر باج ھەربىي چىقىمنى ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىلمىسە، (ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن) ئۇرۇش تۆلىمى تۆلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلەمدۇ؟»

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ گۇرۇھ ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىمۋوللىزمدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان. بەزى يېزىلاردا ۋە تەرەققىي قىلمىغان رايونلاردا ئۇلار ماۋ زېدۇڭنى بۇتساتۋاغا ئوخشىتىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يىلتىزىنى قەدىمكى بۇددىست ھېكايىلىرى بىلەن باغلىغان. كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسىنىڭ خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي ۋە كۈلتۈرەل ئېلېمېنتلىرى بىلەن بىرىكىشى ئۇلارنىڭ ئوبراز ۋە ئەپسانىلەرنى ئىستراتېگىيەلىك قوللانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## خىتايغا بولغان ئەھمىيىتى

«خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» گۇرۇھىنىڭ باش كۆتۈرۈشى خىتايغا ھەم پۇرسەت، ھەم خىرىس ئېلىپ كەلدى. ئۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق («مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ئەمەس) ۋە گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان «خىتاي ئارزۇسى» تەسەۋۋۇرى بىلەن بىردەكتۇر. لېكىن، رادىكال ۋە مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلارنىڭ — بولۇپمۇ زېمىن كېڭەيمىچىلىكى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەلەپلىرى — خىتاينىڭ ئىچكى ئىناقلىقىنى ۋە تاشقى مۇناسىۋىتىنى خەتەرگە ئۇچرىتىدۇ.

ئەگەر چەك قويۇلمىسا، بۇ تەلەپلەر خىتايدىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ، داۋالغۇش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ گۇرۇھنىڭ زېمىن تەلىپى يەنە خىتاينىڭ ھازىرقى تاشقى سىياسەت ئىستراتېگىيەسى بىلەن توقۇنۇشۇپ، خىتاينىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى خەۋپكە ئۇچرىتىدۇ.

«خىتاي ئىمپىرىيەچىلىكى» سەپسەتىسى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كوممۇنىزم بىلەن خىتاي كۇلتۇرىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنىيلىقىنى بەرپا قىلىش ئۇرۇنۇشىغا ماس كەلسىمۇ، بۇنىڭ يەنە كوممۇنىزم دەۋرىنىڭ ئۆزگىچە سالاھىيىتىنى ۋە ئۇتۇقلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش خەۋپىمۇ بار. «خىتاي مەركەزچىلىكى»نى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەش خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بايانلىرىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشى مۇمكىن.

خىتاي بۇ گۇللىنىشنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىقنى ئاشۇرۇشتەك ئىجابىي تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ بايانىنىڭ «بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك خىتاي» تەسەۋۋۇرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان خەلقئارالىق ۋەزىيەتتە، بۇ تەڭپۇڭلۇقنى كونترول قىلىش خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ «كىملىك» مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر.

«خىتاي ئىمپىرىيەچىلىكى» گۇرۇھىنىڭ ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى ئۆزئارا تەسىرلەشتۈرۈشى خىتاينىڭ داۋاملىشىۋاتقان كىملىك بېكىتىش ئۇرۇنۇشىنى كۆزنەك بىلەن تەمىنلەيدۇ. خىتايغا نىسبەتەن، بۇ گۇللىنىشنى ئاقىلانە يېتەكلەش ئۇنىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى يۈكسىلىشىنى بەلگىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم.

## «خىتاي ئىمپىرىيەچىلىكى» گۇرۇھىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنىڭ خەلقئارالىق تەسىرى

«خىتاي ئىمپىرىيەچىلىكى» گۇرۇھىنىڭ خىتايدىكى قەد كۆتۈرۈشى دۆلەت ئىچىدىن ھالقىپ، خىتاينىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە. خىتاي دۇنيادىكى غوللۇق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان ئىچكى ھېكايىسى دۇنيا مىقياسىدا ئەكس سادا قوزغىدى.

گەرچە، خىتاي ھۆكۈمىتى «خىتاي ئىمپىرىيەچىلىكى» گۇرۇھىنىڭ زېمىن تەمەسىنى رەسمىي يوسۇندا قوللىمىغان بولسىمۇ، ئەمما قوشنا دۆلەتلەردە ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى.

خىتايغا قوشنا دۆلەتلەر، بولۇپمۇ خىتاينىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى ۋە ھىمالايا رايونىدىكى پائالىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان دۆلەتلەر بۇ كېڭەيمىچىلىك تەرغىباتلىرىدىن ھەزەر ئەيلىمەكتە.

خەلقئارادا، «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» گۇرۇھىنىڭ مىللەتچىلىك بىلەن «تارىخىي ئۇستۇنلۇك»نى بىرىكتۈرۈشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېخىمۇ قوپال تاشقى سىياسەت قوللىنىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. گەرچە بۇ گۇرۇھ سىياسەتكە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاممىۋى كەيپىياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋاستىلىك ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ قارار چىقىرىشىغا تەسىر قىلىدۇ. مەۋقەدىكى بۇ خىل بولغۇسى ئۆزگىرىش تېخىمۇ كۆپ دىپلوماتىك ۋە ھەربىي توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

سودا ۋە ئىقتىساد جەھەتتە، خىتاي مىللىتىنى مەركەز قىلغان سىياسەتلەر خىتايدىكى چەتئەل مەبلىغىگە ۋە تىجارىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ ئىمتىيازىنى ئازايتىش تەكلىپى ئۇلارنىڭ تىجارەت ئازادلىقىغا دەخلى يەتكۈزۈپ، دۇنيا سودا ساھەسىدىكىلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقتا قايتىدىن قاراپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل قايتا تەشكىللەش خەلقئارالىق مەبلەغ سېلىش ئىستراتېگىيەلىرىگە ۋە شېرىكچىلىككە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

كۇلتۇرەل جەھەتتە، «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» گۇرۇھىنىڭ باش كۆتۈرۈشى خىتاينىڭ يۇمشاق كۈچ ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن. خىتاي كۇلتۇرى ۋە تارىخىنى تەشۋىق قىلىشنى تەكىتلەش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئامىللارنى خەلقئارالىق كۇلتۇرەل باردى-كەلدىلەردە ۋە ئاخبارات تەشۋىقاتلىرىدا ئىلگىرى سۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. بىر دۆلەتنىڭ ئۆز كۇلتۇرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى نورمال ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما ئۇستۇنلۇك ياكى چەتكە قېقىش تەرغىباتلىرى (يەنى خىتايچە شوۋېنىزم) بۇ تەشەببۇسلارنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

ئاخىرىدا، بۇ گۇرۇھنىڭ كۈچىيىشى خەلقئارالىق دىپلوماتىيە ساھەسىدە ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئۇسۇللاردا قايتا ئويلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرى خىتايدا ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇ يۈزلىنىشكە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. دىپلوماتلار ۋە ئىستراتېگىيەچىلەر تېخىمۇ كۈرەك ۋە قوپال خىتاي بىلەن — بولۇپمۇ كۆپ تەرەپلىك مۇھىتتا — باردى-كەلدى قىلىش ئۈچۈن ئىنچىكە ئىستراتېگىيەلەرگە موھتاج. خىتايدىكى ئىچكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىش ئىشەنچلىك ۋە ئۈنۈملۈك خەلقئارا مۇناسىۋەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

خىتاي يەر شارىنى ئىدارە قىلىشتا داۋاملىق رول ئوينايدىغان بولغاچقا، دۇنيا چوقۇم ئۇنىڭ — «خىتاي ئىمپېرىيەچىلىكى» گۇرۇھىغا ئوخشاش ھەرىكەتلەر تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن — ئىچكى دىنامىكىسىغا تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://thediplomat.com/2023/12/the-rising-tide-of-imperial-han-nationalism-in-china/


ئۇيغۇر تەتقىقاتى
Sudhakar Jee, VSM
ھىندىستانلىق گېنراللارنىڭ ئۇيغۇرلار
ھەققىدىكى سۆھبىتى

# ھىندىستانلىق گېنراللارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سۆھبىتى

2023-يىلى 12-ئاينىڭ 29-كۈنى ھىندىستانلىق سابىق بىرگادا گېنېرالى راكېش باتىيا (Rakesh Bhatia) بىلەن مايور گېنېرال سۇداكار جى (Sudhakar Jee) ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن، ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى يۈتيۇب سۆھبەت پروگراممىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

**سۇداكارجى:**

بۈگۈن بىز پەۋقۇلئاددە مۇھىم ۋە سەزگۈر بىر تېما ھەققىدە توختىلىمىز. بۇ تېما شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، بۇ بىز ئۈزۈك ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقان، ئەسلىدە ھىندىستاننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدىغان مەسىلىدۇر. تېمىنىڭ سەزگۈرلۈكىگە كەلسەك، بىز شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېغىزىمىزنى ئاچقان ھامان، خىتاينىڭ قاتتىق خۇيى تۇتىدۇ. مەن شەرقىي تۈركىستاننى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئىرانىڭكىگە يېقىن كېلىدىغان بولۇپ، مۇستەقىل بولغان تەقدىردە دۇنيادىكى 17-چوڭ دۆلەت ھېسابلىناتتى. ھازىر بۇ يەردە 25 مىليون 800 مىڭ نوپۇس بار دېيىلىۋاتىدۇ. 1949-يىلى كوممۇنىستلار شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى توقسان پىرسەنتتىن ئاشاتتى، بۈگۈنكى كۈندە خىتاي كەلگۈندىلەرنى توختىماي يۆتكەش نەتىجىسىدە، بۇ نىسبەت ئەللىك پىرسەنتتىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى بۇ خىل غايەت زور ئۆزگىرىش تىبەتتىمۇ ئوخشاشلا يۈز بەرگەن.

شەرقىي تۈركىستان ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، رۇسىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق يەتتە دۆلەت بىلەن چېگرالىنىدىغان بولۇپ، جۇغراپىيەۋى سىياسىي ئەھمىيىتى تولىمۇ زور. خىتاينىڭ بىر تىرىليون دوللار قىممىتىدىكى «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ ئالتە چوڭ قۇرۇلۇش پروجېكتىنىڭ تۆتى شەرقى تۈركىستاندىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، بۇمۇ مەزكۇر رايوننىڭ خىتايغا بولغان ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

بۇ يەردە نېفىت، مىس، سىنىك، كۆمۈر قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار پەۋقۇلئاددە مول.

**راكېش باتىيا:**

بۇ رايون 18-ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولۇپ، كېيىن «يېڭى چېگرا» دېگەن مەنىدە «شىنجاڭ» دەپ ئاتالغان. گېنېرال سۇداكار جىنىڭ قەيت قىلغىنىدەك، خىتايدىكى شامال ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنىڭ 41 پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. شۇنداقلا، بۇ يەر يەنە خىتايدىكى كۆپ كىرىستاللىق كرېمنىيىنىڭ 35~40 پىرسەنتى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ، بۇ نەرسە قۇياش ئېنېرگىيەسى تاختىسى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. دۇنيادىكى پاختىنىڭ بەشتىن بىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ يەردىكى پاختىنىڭ سۈپىتى شۇ قەدەر ياخشىكى، دۇنياۋى داڭلىق ماركىلارنىڭ نۇرغۇنى مۇشۇ يەرنىڭ پاختىسىنى ئىشلىتىدۇ.

يۇقىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، مەن سىزدىن شۇنى سورىماقچىمەن: بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق مەسىلە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى دەپ قارالماقتا. ھازىر بۇ يەردە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، نازارەت قىلىش، دىنىي ئىبادەتلەرنى چەكلەش قاتارلىق جىنايەتلەر مەۋجۇت. بىزگە بۇ يەردە زادى نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقانلىقى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن بولسىڭىز.

**سۇداكارجى:**

سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى، «خىتاي»نىڭ ئەسلىدە قەيەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈر. نۇرغۇن كىشىلەر مەندىن بۇ ھەقتە سوئال سوراشتى. «خىتاي» ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خىتاينى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ «خىتاي»نىڭ زېمىنى شەرقتىن غەربكە 1200 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 1600 كىلومېتىر كېلەتتى. ئۇنىڭ سىرتىدىكى موڭغۇلىيە، شەرقىي تۈركىستان، مانجۇرىيە، تىبەت قاتارلىقلارنىڭ ھېچبىرى «خىتاي»نىڭ تەركىبىدە ئەمەس ئىدى. خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالغا كەلسەك، 2000-يىللاردىن كېيىن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار دىن، سىياسەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ ئۇللۇق ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىشقا باشلىدى.

بۇ خىل باستۇرۇشلارغا قارىتا ئۇيغۇرلار بىر قانچە خىل شەكىلدە قارشىلىق بىلدۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ميۇنخېننى بازا قىلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تىنچ شەكىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇللۇق ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلسا، زوراۋانلىق خاھىشىغا ئىگە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» قورال كۈچى ئارقىلىق خىتايغا زەربە بېرىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بولۇپمۇ، 2007-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار قەشقەر، كۇنمىڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا بىر قاتار ھۇجۇملارنى قوزغىدى.خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلمىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ، 2014-يىللىرىغا كەلگەندە باستۇرۇش راۋۇرۇس ئەۋجىگە چىقتى.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى شەرقىي تۈركىستانغىلا چەكلەنگەن بولماستىن، خىتاي يەنە ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ كەتتى. شۇنداقلا، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۆلەتلەردىنمۇ ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا.

**راكېش باتىيا:**

مۇسۇلمان ئەللىرى كەشمىر، پەلەستىن، ئىسلام دۈشمەنلىكى دېگەندەك مەسىلىلەرگە ناھايىتى تېز ئىنكاس قايتۇرۇشىدۇ. لېكىن، ھېچكىم، ھەتتا غەربمۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن گەپ قىلمايدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ پۇل ئۈچۈنمۇ؟

**سۇداكارجى:**

بۇ مەسىلە جۇغراپىيەۋى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. مەن بۇ ھەقتىكى خەلقئارالىق ئارقا كۆرۈنۈش ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن. 20-ئەسىردە، دۇنيا تەرتىپى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى قوش قۇتۇپلۇق ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىدى ۋە بۇ يەردىكى ئاساسلىق ئامىل جۇغراپىيەۋى سىياسەت ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىمۇ جۇغراپىيەۋى سىياسەت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققانىدى. ھالبۇكى، 21-ئەسىردە جۇغراپىيە سىياسەت جۇغراپىيەۋى ئىقتىسادقا (Geoeconomics) ئورۇن بوشىتىشقا باشلىدى. بۇنداق بولۇشىغا بىز ئۆزىمىز سەۋەب بولدۇق. بىز ھەممە ئىشنى خىتايغا ھاۋالە قىلدۇق، خىتايغا بارغانسېرى بەك بېقىنىشقا باشلىدۇق. بۇ خىل ۋەزىيەتتە، خىتاي بارچە قىتئە ۋە دۆلەتلەرگە قارىتا ئاكتىپ سودا بالانسىغا ئىگە

بولماقتا. ئاندىن خىتاي چەتئەللەردىن تاپقان مۆشۈ دوللارلار بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نى يولغا قويماقتا. خىتاي مۇسۇلمان ئەللىرىگە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرقكە پەۋقۇلئاددە كۆپ مەبلەغ سالدى. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمان ئەللىرى بىر قاتار مەسىلىلەردە خىتايغا تايىنىپ قالماقتا ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە گەپ قىلىشنى خالىمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە.

ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.youtube.com/watch?v=D5JN_6GLy7g



# كۈچىڭىز يەتمەيدىغان ئىشنى ئۈستىڭىزگە ئالماڭ

دوكتور مۇھەممەد ئارىفي

# كۆچكىز يەتمەيدىغان ئىشنى ئۇستىگىزگە ئالماڭ

دوكتور مۇھەممەد ئارىفىي

مىجەز ـ خۇلق، دىن ۋە ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتلەردە مۇنەۋۋەر دېيىشكە بولىدىغان بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىدى. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدىن قاقشايتتى. مەنمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تېڭىرقايتتىم.

كېيىن، بىر كۈن ئۇنىڭ قوشنىسى يېنىمغا كەلدى ۋە ماڭا:

ـ ئۇستاز، بۇ دوستىڭىز بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرمەيدۇ، ـ دېدى.

ـ نېمىشقا ئەمدى؟ ـ دېدىم مەن.

ـ مەنمۇ بىلمەيمەن، لېكىن ئۇ ئىمام ئىكەنلىكىگە قارىماستىن، تولا چاغلاردا مەسچىتتە بولمايدۇ.

مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزۈر ئىزدەشكە باشلىدىم ۋە:

ـ بەلكىم، مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئالدىراشتۇ ياكى ئۆيدە ئەمەستۇ، ـ دېدىم.

ـ ئۇستاز! ئۇنىڭ ماشىنىسى ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، مەنچە ئۇ چوقۇم ئۆيدە. شۇنداق تۇرۇقلۇق، جامائەت نامازلىرىدا بىزگە ئىماملىق قىلمايدۇ، ـ دېدى ئۇ.

دوستۇمنىڭ دۇرۇست، سەممىي كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىم ئۇچۇن، ئۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە قىزىقتىم ۋە ئاخىرىدا بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەرزگە بوغۇلغان بولۇپ، شۇ قەرزنى قايتۇرغۇدەك زاكات ياكى سەدىقىگە موھتاج ئىكەن. يەنە بەزىلىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئۈچۈن «ئارقا ئىشىك» تېپىشنىڭ كويىدا ئىكەن. يەنە بەزىلىرى ئاغرىق بولۇپ، پالانى دوختۇرخانىدا داۋالىنىش ئۈچۈن،

دوستۇمدىن ياردەم سورايدىكەن. يەنە بەزىلىرىنىڭ بويىغا يەتكەن قىزلىرى بار بولۇپ، شۇلار ئۈچۈن لايىق ئىزدەۋاتقان بولىدىكەن. يەنە ئاللىكىملەر ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگەن بولۇپ چىقىدىكەن.

يەنە بىرى ...

بۇ دوستۇم قانداقتۇر زور ماھارەت، كەڭ مۇناسىۋەت ۋە مۇئەييەن نوپۇز ئىگىسى بولمىغان ئادەتتىكى بىر كىشى تۇرۇقلۇق، موھتاجلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىشىدىكەن.

بىچارە دوستۇم ھەممەيلەنگە يۈز قارايدىكەن ۋە ھېچكىمگە ئۆزۈر ئېيتالمايدىكەن. ھەتتا بىرەيلەننىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا قەرزىنى چوقۇم تۆلىۋېتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدىكەن. يەنە بىرەيلەننىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋېلىپ، چوقۇم ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرەلەيدىغانلىقىغا ھۆددە قىلىدىكەن. يەنە بىرەيلەنگەن بولسا: «ئىككى كۈندىن كېيىن كەل، دوختۇرخانىغا كىرىش رەسمىيىتىڭ تەييار بولىدۇ» دەيدىكەن.

كىشىلەر ۋەدە قىلىنغان كۈن ۋە سائەتتە ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ ئۇلارغا ئۆزۈر ئېيتىپ، يەنە قايتىدىن ۋەدە بېرىدىكەن. ئەنە شۇ تەرىقىدە، ئۇ ئاشۇ كىشىلەردىن قاچىدىغان، تېلېفونغا قارىمايدىغان، ھەتتا بەزىدە ئۆيىدىن چىقمايدىغان بولۇۋاپتۇ.

ئۇ ئۆزى ھۆددە قىلغان ئىشنى ئورۇنداپ بېرەلمىگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشسە، ئۇلار ئۇنى تىللاپ، «ئۇنداق بولسا نېمە دەپ ماڭا ۋەدە بېرىسەن؟ نېمىشقا ئاغزىمغا قۇرۇق ئېمىزىك سالىسەن؟» دەپ ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىكەن.

باشقا بىرى: «سەن ۋەدە بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، سەندىن باشقىسىدىن ياردەم سورىمىغانتىم» دەپ چالۋاقايدىكەن.

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شۇنى چۈشەندىمكى، بۇ دوستۇم ئۆزىگە ئۆزى ئورا كولاپ، نەتىجىدە شۇ ئورىغا چۈشۈپ قالغانىدى. بىر قېتىم، ئۇنىڭ بىرەيلەنگە: «خاپا بولما! سېنىڭ مەسىلەڭ توغرىسىدا قولۇمدىن ھېچبىر ئىش كەلمىدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇنىڭغا قارىتا قارشى تەرەپ، تولىمۇ قوپاللىق بىلەن: «ئەمما، بىر مۇنچە ۋاقتىمنى زايە قىلدىڭ ـ دە، بالدۇرراق مۇشۇنداق دېسەڭ بولماسمىدى؟» دېدى.

شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە، بىر دانىشمەننىڭ مۇنۇ سۆزى ئېسىمگە كەلدى: «دەسلەپتە (قىلماسلىق ئۈچۈن) ئۆزۈر ئېيتىش، كېيىن (قىلالمىغانلىق سەۋەبلىك) ئۆزۈر سوراشتىن ئەۋزەلدۇر.»

كىشىنىڭ ئۆز قۇربىنى ۋە نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىنى بىلىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ «قۇرب رامكىسى» ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشى نېمە دېگەن ياخشى ھە!

ئاللاھ تەئالا بىزگە ئەنە شۇ تەرزدە تەربىيە قىلىپ، مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ كىشىنى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 286 ـ ئايەت)؛ «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.» (تالاق سۈرىسى 7 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ كىشىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى ئۈستىگە ئېلىشتىن چەكلىگەنىدى. مەنمۇ بۇنداق ئىشنى ئۆزۈم بىۋاستە باشتىن كەچۈردۈم.

ھازىرقىدەكلا ئېسىمدىكى، رىيادتىكى ھەربىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ بىرىدە لېكسىيە سۆزلىگەنىدىم. لېكسىيەدىن كېيىن، بىرەيلەن يېنىمغا كېلىپ:

ـ ئۇستاز! تولىمۇ مۇھىم بىر ئىش توغرىسىدا سىلى بىلەن پاراڭلاشقۇم بار ئىدى، ـ دېدى.

ـ قېنى ئېيتىڭ، نېمە ئىش ئىدى؟ ـ دېدىم مەن.

ـ ھازىر بۇ يەردە دېيىشىم تازا مۇناسىپ ئەمەس. سىلى بىلەن ۋاقىت كەڭرى چاغدا كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلاشمىسام بولمايدۇ، ـ دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە چىرايلىقچە قۇلاق سالدىم. ئەمما، ئۇ مەسىلىنى بارغانسېرى كۆپتۈرۈشكە باشلىدى. ھايات ماڭا شۇنى ئۆگەتتىكى، ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى مەسىلىلىرىنى ئۆز ھالىتىدىن كۆپتۈرۈۋېتىشىدۇ. موھتاج كىشى تاكى ئېھتىياجى قاندۇرۇلغانغا قەدەر، شۇ ئىشقا كىرىشىپلا قالىدۇ.

ئاخىرىدا، ئۇ ئادەم ماڭا:

ـ سىلىنىڭ رىيادقا ئىككى يۈز كىلومېتىرچە كېلىدىغان پالانى شەھەردە يەنە بىر لېكسىيەلىرى بارغۇ دەيمەن؟ ـ دېدى.

ـ شۇنداق، ـ دېدىم مەن.

ـ مەن شۇ لېكسىيەلىرىگىمۇ قاتنىشىمەن. لېكسىيەدىن كېيىن پاراڭلىشايلى، ـ دېدى ئۇ.

ئۇنىڭغا ھەيران بولدۇم. دەرۋەقە، ئاشۇ لېكسىيەدىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم يالاڭئاياغ پېتى ئارقامدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە قەغەز تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ:

ـ ئاللاھ غەيرىتىڭىز ئۈچۈن سىزنى مۇكاپاتلىغاي. قېنى ئېيتىڭە، نېمە ئېھتىياجىڭىز بار ئىدى، ـ دېدىم.

ـ ئۇستاز! مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ دىپلومىغا ئىگە بىر ئىنىم بار. شۇنى بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولسىلا! ـ دېدى ئۇ.

- پەقەت مۇشۇلىمۇ؟

- پەقەت مۇشۇلا.

ئۇ شۇ تاپتا ھاياجان ئىلكىدە ئىدى. چىراي-تۇرقى ئادەمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ھەقىقەتەن تەس كۈندە قالغانلىقىنى پەملەش قىيىن ئەمەس ئىدى.

شۇنى قەتئىي بىلەتتىمكى، ئەگەر ئۇنىڭغا ۋەدە بەرسەم، ۋەدەمنى ئورۇندىيالمايتتىم. چۈنكى، بىز ھېلىغۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دىپلومى ئىكەن، باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە كىشىلەرمۇ خىزمەت تاپالمايۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. مەن قانچىلىك ئىشقا كۆچۈم يېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم ۋە بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى. شۇڭا «كاشكى، بىچارىگە ياردەم قىلالىغان بولسام ھە» دېدىم. لېكىن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا قۇربىم يەتمەيتتى.

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغا ۋە ھاياجانىغا ئۇيغۇن ئۇسلۇبتا ئۆزۈر ئېيتماقچى بولدۇم-دە:

- قېرىندىشىم! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىزگە ياردەم قىلغۇم بار. سىزنىڭ ئىنىڭىز ئۆز ئىنىمغا ئوخشاش. مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىئارام بولۇۋاتىمەن. لېكىن، سىزگە ياردەم قىلىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ. مېنى توغرا چۈشىنىپ، ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، - دېدىم.

- ئۇستاز! بىر سىناپ باققان بولسىلا، - دېدى ئۇ.

- قولۇمدىن كەلمەيدۇ، - دېدىم مەن.

ئۇ قولىدىكى قەغەزنى ماڭا تەڭلەپ:

- ئۇستاز! ئۇنداقتا، ماۋۇ قەغەزنى ئېلىپ قالسىلا، بۇنىڭدا بىزنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىمىز بار. ئالمادىس ئۇنىڭغا خىزمەت چىقىپ قالسا، بىزگە تېلېفون قىلارلا ... - دېدى.

ئۇنىڭ مەندىن يەنىلا ئۈمىد ئۈزگۈسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى، مۇشۇ ئارقىلىق داۋاملىق مەندىن تېلېفون ساقلايدىغانلىقىنى ۋە ئىنىسىنىمۇ ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

- بۇ قەغەز يەنىلا سىزدە قالسۇن. سىز مېنىڭ نومۇرۇمنى يېزىۋېلىڭ. ئۇنىڭغا بىرەر مۇۋاپىق خىزمەت تاپالىسىڭىز ماڭا تېلېفون قىلىڭ. بەلكىم خىزمەتكە قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ۋاستىچىلىك قىلىشىم مۇمكىن، - دېدىم.

ئۇ جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەن بىلەن خوشلىشىشىنى كۈتتۈم. لېكىن ئۇ تۇيۇقسىزلا:

- ئاللاھ يۈزلىرىنى نۇرلاندۇرسۇن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئۇستاز! ئىنىمنىڭ ئىشى توغرىسىدا پالانى ئەمىر بىلەن بىر يىل ئىلگىرى كۆرۈشكەنىدىم. ئۇ مەن بەرگەن قەغەزنى ئېلىپ قالغانىدى. لېكىن، تا ھازىرغىچە ماڭا تېلېفون قىلمىدى. يەنە بىر قېتىمدا، پوكۇنى بىرىگادا گېنېرالى بىلەن كۆرۈشكەنىدىم، ئۇمۇ قەغەزنى ئېلىپ قالدى-يۇ، ئەمما ماڭا تېلېفونمۇ قىلمىدى، بۇ ئىش بىلەن كارىمۇ بولمىدى. بۇلارنىڭ ئاجىزلار بىلەن چاتىقى يوق. ئاللاھ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالسۇن. ئاللاھ ...

ئۇ ئۇلارغا بەددۇئا قىلىشقا باشلىدى. «ئاللاھقا شۈكرى، قەغەزنى ئالغان بولسام، لەنەتلەنگۈچىلەرنىڭ ئۈچىنچىسى بولاركەنمەن» دەپ ئويلىدىم.

شۇنداق. دەسلەپتىلا ئۆزۈڭ ئېيتىش ۋەدىدە تۇرماسلىقتىن ياخشىدۇر. ئۆز قۇربىڭىزنى بىلگەن ھالدا، باشقىلارغا ئېنىق گەپ قىلىشىڭىز نېمە دېگەن ياخشى ھە!

بۇ نوقۇل ھالدا باشقىلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا قارىتالا ئەمەس، ئايالىڭىز ۋە بالىلىرىڭىزنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگىدۇر.

بەزىدە ئۆيدىن چىقىدىغان چېغىڭىزدا، ئايالىڭىز: «قايتىشىڭىزدا سۈت، شېكەر ۋە كەچلىك تاماق ئالغاچ كەلسىڭىز» دەيدۇ. بۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىڭ. بۇ نەرسىلەرنى ئەكېلىشىڭىز ئۆزىڭىزگە ئوڭ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ: «بولىدۇ، ماقۇل» دېمەڭ. قىلالمايدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ «قىلالمايمەن» دەڭ. بۇ ئۆيگە قايتقاندا «ۋاقتىم قىس بولۇپ قالدى»، «دۇكاننى تاقىۋېتىپتۇ» ياكى «ئۇنتۇپ قاپتىمەن» دەپ ئۆزۈر ئېيتقىنىڭىزدىن ياخشىدۇر.

دوست-بۇرادەرلىرىڭىزگىمۇ ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭ.

**بىر تەجرىبە**

باشتىلا ئۆزۈر ئېيتىش كېيىن ئۆزۈر سوراشتىن ياخشىدۇر.

دوكتور مۇھەممەد ئارىفىينىڭ «ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» دېگەن كىتابىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# ئىلى ئاسمىندا چاقنىغان ئۇنتۇلغان مەرىپەت يۇلتۇزى جىرجىس ھاجى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ئىلى ئاسمىنىدا چاقنىغان ئۇنتۇلغان مەرىپەت يۇلتۇزى جىرجىس ھاجى

ھ. مۇھەممەدنىياز

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندا ئاكا-ئۇكا مۇھىتلار باشلىق بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، ئاتۇش ۋە غۇلجىلاردا ھۈسەيىن باي، باۋۇدۇنباي ئاكا-ئۇكا مۇسابايوۋلار، قەشقەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇملارنىڭ شۇ جايلاردىكى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى ناھايىتى زور. قەشقەر، ئاتۇش رايونلىرىدا تۈركىي ۋە ئەرەب ئەللىرىدە ئوقۇپ كەلگەن ئەھمەد كامال، ئابدۇقادىر داموللا، مۇھەممەت ئېلى (تەۋپىق) قاتارلىق تەرەققىياتپەرۋەر يېڭىلىق تەرەپدارلىرى؛ تۇرپان ۋە چۆچەكلەردە رۇسىيە تەۋەسىدىن كەلگەن مۇرات ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىموۋ، گۈلەندەم ئاپپاي؛ غۇلجىدا مىسىردا ئوقۇپ كەلگەن ناسوھا داموللام، تۈركىيەدە ئوقۇپ كەلگەن جىرجىس ھاجى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، مەسئۇت سابىرى، مەسۇم ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، ھەسەن ئەپەندى، مەتېلى ئەپەندى ۋە سابىت ئەپەندى قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدە شۇ جايلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغانىدى. مۇشۇنداق زىيالىيلارنىڭ تەسىرى بىلەن مىللىي ئويغىنىش بولغان يۇقىرىقى جايلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر مەيدانغا كېلىپ قاراڭغۇ جاھالەت دۇنياسىغا ۋە چەتئەل مۇستەملىكە كۈچلىرىگە زەربە بېرىلگەن ئىدى.

كۆپىنچە ئۇيغۇرلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇسابايلار جەمەتى تەرىپىدىن ئوسمانىيە ئىمپېرىيەسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ يىرىمىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە مىللىي مائارىپ تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان زىيالىي ۋە سىياسەتچى مەسئۇد سابىرى بايقوزىنى ياخشى بىلىشى مۇمكىن. ئەمما، مەسئۇد سابىرى ئەپەندىدىنمۇ بەكرەك پىداكار، يىراقنى كۆرەر، مەيدانى مۇستەھكەم، مۇتەپەككۇر ۋە ئىستىداتلىق، جەسۇر ساۋاقدىشى جىرجىس ھاجىنى بىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك.

جىرجىس ھاجى مىلادىيە 1868 ـ 1878 ـ يىللىرى بەدۆلەت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ دەۋرىدە ھازىرقى ئاستىن ئاتۇش ۋە ئۈستۈن ئاتۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئاتۇشقا ھاكىمبەگ بولغان مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ نەۋرىسى ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى سۇلتان سەئىدخان زامانىدىن بۇيان ئىككى ئاتۇش دىيارىغا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئېسىل

كىشىلەر ھاكىم بولۇپ كەلگەنىدى. گەرچە، خوجىلار دەۋرىدە ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاتۇشنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى يەنىلا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن 1760 ـ يىلىدىن تاكى 1860 ـ يىلىغىچە ئىزچىل قوقان خانلىقىدا پاناھلىنىۋاتقان خوجا ئەۋلادلىرى ۋەتىنىگە قايتىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، چوقۇم شۇلارنىڭ ئالدىن قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىت قىلاتتى. چۈنكى، ئاتۇشتا ھۆكۈمران بولغان كىشىلەرنىڭ قەشقەرىيەدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى تەسىرى ۋە نوپۇزى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن مىللىي قوزغىلاڭلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەلىبە مېۋىسىنى قوغداپ قالالمىغانىدى. مەسىلەن، جاھانگىر خوجا 1820 ـ يىلى يازدا تۇنجى قېتىم چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، جىرجىس ھاجىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى مىرئەھمەد سىيىت ياش جاھانگىرنىڭ تېخى ئانچە پىشمىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى قوللىمىغانىدى. كېيىنچە جاھانگىر خوجا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى يۈز تۇرانە كۆرسەتكەندىن كېيىن، مىرئەھمەد سىيىت ھېكىمبەگ ئاندىن ئۇنى قوللىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، 1826 ـ يىلى يازدا پارتلىغان جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى بىر ئاي ئىچىدىلا پۈتۈن تارىم ۋادىسىدا تولۇق غەلىبە قازانغان ئىدى. بەدۆلەت ياقۇپبەگ 1865 ـ يىلى يازدا قەشقەر ۋە يەكەننى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئىككى ئاتۇشتا يۇقىرىقى مىرئەھمەد سىيىت ھېكىمبەگنىڭ تالانتلىق كىچىك ئوغلى، يەنى جىرجىس ھاجىنىڭ بوۋىسى مەھمۇد ھېكىمنى ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلەپ، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ بوۋىسى موللا غوجىلاقنى مەشھەدتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخان مازىرىنىڭ باش مۇتەۋەللىسى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئىككى جەسۇر نەۋرىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بىپايان شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدە تەڭلا پارلاپ، ئىلى ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ۋەتىنىدە كەڭ كۆلەمدە مىللىي مەرىپەت ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتى قوزغاپ، ئاخىرىدا شۇ قۇتلۇق يولدا قەھرىمانلىق بىلەن جان تەسەددۇق قىلغانىدى. بۇلاردىن جىرجىس ھاجى 1933 ـ يىلى كۈزدە، تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىنى توغرا يولغا باشلىغاندىن كېيىن، قايتىش يولىدا مۇز داۋانىدا قازا قىلغان بولسا، مەتىلى ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقىنى ئويغىتىش ۋە ئاقارتىش يولىدا 1937 ـ يىلى 30 ـ ماي قەشقەر ياۋاغ تۈرمىدە شېھىت قىلىنغانىدى.

مۇسابايى (مۇسا ھاجى) نىڭ ئاتىسى ئابدۇرۇسول ئۆز زامانىسىدا قەشقەردىكى خانلىق مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئانا مەكتىپىگە ئىزچىل ماددىي ياردەم قىلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ۋە جىرجىس ھاجىنىڭ بوۋىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. چۈنكى،

مەھمۇد ھېكىم ئىلىمگە ھېرىسمەن ۋە ئىلىملىكلەرنى قوللايدىغان كىشى بولۇپ، ئارزۇلۇق ئوغلىغا ئەڭ بىلىملىك پەيغەمبەر بولغان « ھەزرىتى ئىدرىس» نىڭ ئىسمىنى قويغان ئىدى. ئەپسۇسكى، زوزۇگتاڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن جىرجىس ھاجىنىڭ جەمەتى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ جەمەتى مەنچىك تەرەپنىڭ زەربە بېرىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان. ھالقىلىق پەيتتە ئابدۇرۇسۇل باينىڭ ئوغلى مۇسابايي ھاجى ئىدرىس ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى جىرجىس ھاجىنى ئائىلىسى بىلەن ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈرۈپ چىققان. كېيىنچە، مۇسابايىنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ ئاتىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان جىرجىس ھاجىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. جىرجىس ھاجىمۇ ئۇلارنىڭ ئەجرىگە جاۋابەن 1901 ـ يىلى ئېلىنغان تاللاش ئىمتىھانىدا چېمپىيون بولۇپ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بولغان ئىككى ساۋاقدىشى تۇرسۇن ئەپەندى، مەھمۇت سابىر بايقوزى ۋە باشقا بەش نەپەر ساۋاقدىشى بىلەن بىللە 1902 ـ يىلى ئوسمانىيە ئىمپېرىيەسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىدى.

جىرجىس ھاجى ۋە مەسئۇت ئەپەندى ئەڭ دەسلەپتە ئىلىدىكى داڭلىق دىنىي پېشۋا ۋە جەدىتچىلىك ئېقىمىنىڭ باشلامچىسى ئابدۇلمۇتائالى خەلپىتىم ئاچقان «تائالىيە» مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئۇزۇپ چىققان ئەلىيۇلئەلا ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. ئابدۇلمۇتائالى خەلپىتىم يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا تارىخ دەرسى ئۆتكەندە، بارلىق تۈرك قەۋملىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ تارىم، يارىش، ئىلى، يەتتە سۇ، پەرغانە ۋە ماۋرائۇننەھرنى مەركەز قىلغان مەركىزىي ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن جەسۇر خەلقلەر ئىكەنلىكىنى، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بۇ قەدىمىي ماكانلاردا شانلىق ئىمپېراتورلۇقلارنى قۇرغانلىقىنى، شانلىق مەدەنىيەتلەرنى يارىتىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق بايان قىلىپ، ئوقۇغۇچىلاردا مىللىي روھنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولۇۋاتاتتى. ئۇ، بۇ توغرىسىدا ھەمىشە مۇنداق دەيتتى: «ئۇلۇغ ئاللاھ ياراتقان بۇ كائىناتتا ھەر بىر مەۋجۇداتنىڭ ۋە شۇ مەۋجۇداتلارغا ئائىت بولغان ماكانىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي كەچۈرمىشلىرى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاشۇ مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئەقىلگە ساھىب بولغان ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەقىل پاراستى بىلەن بەرپا قىلغان شۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تارىخى بولىدۇ. جۈملىدىن شۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى بەرپا قىلغان قەۋملەرنىڭمۇ ئۆز تارىخى بولىدۇ. شۇنىڭدەك شۇ قەۋمگە ئائىت بولغان ھەربىر شەخسنىڭمۇ ئۆز تارىخى كەچۈرمىشلىرى بولىدۇ. مەيلى ناۋاي، مەيلى تۆمۈرچى، مەيلى مۇئەللىم، مەيلى دېھقان، مەيلى ئالىم ۋە شائىر، يازغۇچى ۋە جاھان سورىغان قابىل پادىشاھلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن ئۆلۈش ئارىسىدىكى جەريانىنىڭ تارىخى بولىدۇ. ئەنە شۇ تارىخ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ، دۆلەتنىڭ، قەۋمنىڭ ۋە شەخسنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولىمىز ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆتمۈش بىلەن

ھازىرقى ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ بىر باغلىنىش ھاسىل قىلىپ، كەلگۈسىمىزنى بەلگىلەيمىز. ئۆز ئەجدادىنى بىلمىگەننىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى قاراڭغۇ بولۇپ، ئىقبال-ئىستىقبالى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قەۋمدە مىللىي روھ ئۆلگەن بولىدۇ. مىللىي روھ ئۆلگەن قەۋم باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ ياشايدۇ ۋە ئاخىرى بېقىندىلىق ئىچىدە يوق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئالەمدە ھەممە نەرسىنىڭ ۋە بارلىق ھادىسىلەرنىڭ تارىخىي بىر- بىرى بىلەن زەنجىرسىمان باغلانغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ زەنجىرنىڭ بىر ھالقىسى ھېسابلىنىدىغان نەرسىنىڭ تارىخى بولمىسا، زەنجىر ئۈزۈلىدۇ - دە، بۇنداق قەۋم ئۇزۇنغا بارماي ھالاك بولىدۇ. دەرۋەقە، ئۆز قەۋمىنىڭ مىللىي تارىخىنى دەسلەپكى كېلىپ چىقىشىغا قەدەر ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ، ئۆگىنىپ ۋە بۇ ئالەمدىكى تۈنجى بايقىلىش جەريانلىرىدىن تارتىپ تولۇق بىلىش ئارقىلىق ئۆز ۋۇجۇدىدا يوقالغان روھقا قايتا ئېرىشكىلى بولىدۇ. چۈنكى ئەنە شۇ تارىختىن ئېرىشكەن مەلۇماتلارغا ئۆز قەۋمىنىڭ ئەپسانىلىرى، چۆچەكلىرى، داستانلىرى ۋە ھېكايىلىرى، تۈرلۈك شېئىرلىرى، مۇزىكا - ناخشىلىرى قوشۇلۇپ شۇ قەۋمىنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىۋىيىتى تولۇق بارلىققا كېلىدۇ. مەنىۋىيىتى يۈكسەك قەۋمىنىڭ مىللىي روھى يۈكسەك بولىدۇ. مۇنۇ ئالدىمدا ئولتۇرغان سىلەر ئەنە شۇ مەنىۋىيەتنى يارىتىش ئۈچۈن يولغا چىققان يولۇچى ۋە كەچمىشىمىز بىلەن كەلگۈسىمىزنى ئۇلايدىغان زەنجىرنىڭ بىرىدىن - بىر ھالقىسى بولىسىلەر. سىلەر بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستۈڭلارغا ئالالايدىغان ئاۋانگارت قوشۇن. شۇڭا تارىخنى ياخشى ئۆگىنىشىڭلار ۋە ئۆزۈڭلار تارىخ يارىتىپ، تارىخ يېزىشىڭلار لازىم!»

مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ يۇقىرىقى ئۆتكۈر نەسىھەت - ئۆگۈتلىرى گۆدەك جىرجىس ھاجى ۋە مەسئۇتلارنىڭ ئاپئاق ۋە نازۇك قەلبىگە مۆھۈر بولۇپ بېسىلغان ئىدى. كېيىنچە، ئۇلار مۇشۇ خىل مىللىي روھنىڭ تۈرتكىسىدە، مىلىتارىست ياڭ زېڭشىننىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى» گە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئويغاتتى. بۇ خىلدىكى مىللىي ئويغىنىش 1933 - يىلى ۋە 1944 - يىلى 12 - نويابىر كۈنىدە ئىككى قېتىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش بىلەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

1888 - يىلى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ تۇنجى مەكتەپ مۇدىرى كەرىماخۇن ئەپەندىنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى بىلەن، ئەمدىلا بىخ ئۇرۇپ مۇستەھكەملىنىشكە قەدەم تاشلىغان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلگەن. كەرىماخۇن قالدۇرغان بۇ بوشلۇقنى تېزدىن تولدۇرمىغاندا، يېڭى مەكتەپنىڭ بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقۇپ كېتىش خەۋپىنى جىددىي ھېس قىلغان ھۈسەيىن باي ۋە باۋۇدۇن باي چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا ئالدىرىغان. بىر - ئىككى يىل ۋۇختا تاللاش ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1902 - يىلى بىرىنچى تۈركۈمدىلا شەرقىي

تۈركىستاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن ئىنچىكە تاللانغان سەككىز نەپەر ئىقتىدارلىق ياشنى شۇ چاغدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئوسمانىيە دۆلىتىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ سەركىلىرىدىن تۇرسۇن ئەپەندى، ھەسەن ئەپەندى، مەسئۇت سابىرى، جىرجىس ھاجىم ( بۇ ئىككەيلەن ئىلىدىن تاللانغان ) ۋە قادىر ئەپەندى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىدىل تەرەپلەرگىمۇ بىر قىسىم ياشلارنى ئەۋەتىش تەييارلىقى كۆرۈلگەن. چەت ئەلگە چىقىرىلغان ياشلار ئوقۇشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، باۋۇدۇن باي 1 ـ تۈركۈمدە ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىن ئابابەكرى قاتارلىق زىيالىلارنى مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلىپ قەشقەر ئاتۇشقا ئەكەلگەن. ئابابەكرى ئەپەندى ئىكساقتىكى يېڭى مەكتەپنى 1890 ـ يىلىدىن 1896 ـ يىلىغىچە باشقۇرغان. ۋەتەنپەرۋەر مەرىپەتچى ھۈسەيىن ھاجى، باۋۇدۇن باي ئاكا ـ ئۇكىلار مۇشۇ چاغدا يېڭى مەكتەپنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق سىنىپ سانى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش پىلانلىرىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ قويۇشقانىدى. بۇ ئۇلارنىڭ چەت ئەللەرگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى چىقىرىشتىكى ئەسلى مۇددىئاسىدىنمۇ ئوچۇق مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

قىسقىسى، مىلادىيە 1888 ـ يىلى كۈزدە ئىكساقتىكى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ تۇنجى مۇدىرى كەرىماخۇننىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كېتىشى بىلەن مەزكۇر مەكتەپ تاقىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. شۇڭا، يېڭىلا قۇرۇلغان مىللىي مەكتەپنىڭ ئىستىقبالىنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلار كېلەچەكنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئالدىنئالا زاپاس تەييارلاش ئۈچۈن، چەتئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشتىن ئىبارەت دانا پىلانىنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن. جىرجىس ھاجىنىڭ ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ رەسمىي باشلانغان.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلار بىر نەچچە يىل ياخشى تەييارلىق قىلىش ۋە ئەتراپلىق تاللاش ئارقىلىق، 1902 ـ يىلى تۇنجى تۈركۈمدىلا 8 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى ئوسمانىيە دۆلىتىگە ئوقۇشقا چىقارغان. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۇلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇ ۋەجىدىن بۇ ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى تىرىشىپ ئوقۇشقانىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، جىرجىس ھاجىنىڭ مىللىي مەسلەكدىشى مەمتېلى تەۋپىق ئەپەندى ۋە ساۋاقدىشى مەسئۇت ئەپەندى ھەققىدە نۇرغۇن ماقالىلەر، ھەتتا تارىخىي رومانلار يېزىلغان بولسىمۇ، ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر ئوغلان ۋە مىللىي روھنىڭ پېشۋاسى جىرجىس ھاجى ھەققىدە بىرەر پارچە قىسقىچە تەرجىمىھالمۇ يېزىلمىغان. ئەجەبا، بۇنىڭدا بارلىق يازغۇچىلارنى، بۇنچىۋالا

قورقۇتۇۋەتكىدەك نېمە سىرلار بار؟! نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە زىيالىيلىرى بۈگۈنگىچە جىرجىس ھاجىنىڭ قىسقىچە بولسىمۇ بىر كىشىلىك ئاددىي تەرجىمىھالىنىمۇ يېزىپ چىقالمىدى؟

جىرجىس ھاجى ھەققىدە پەقەت ئىككى كىشىلا قىسقىچە مەلۇمات بېرەلىگەن. ئۇلارنىڭ بىرى، جىرجىس ھاجى بىلەن دەۋرداش ياشاپ، يۈز تۇرانە سۆھبەتلىشىشكە مۇيەسسەر بولغان ئەلىخان تۆرە. يەنە بىرى، جىرجىس ھاجىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان مەرھۇم شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پەقەت جىرجىس ھاجىنىڭ ئىلى ۋە تارىم ۋادىلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەن خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا جىرجىس ھاجىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى پۈتۈلگەن بىرەر يازمىچە پۈتۈك بۈگۈنكى كۈنىمىزگە ئۇلاشقىنى يوق.

ئەلىخان تۆرە 1969 ـ يىلى تاشكەنت شەھىرىدە ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىققان «تۈركىستان قايغۇسى» ناملىق كىتابىنىڭ 202 ـ ۋە 203 ـ بەتلىرىدە جىرجىس ھاجى ھەققىدە قىسقىچە توختالغان. ئۇ جىرجىس ھاجى ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى: « ...مەن ياقۇپ بەگ زامانىسىدىكى ئىككى ئاتۇشنىڭ ھاكىمى مەھمۇد ھەكىمنىڭ نەۋرىسى جىرجىس ھاجىمنى تېپىپ، تېزدىن كاشغەرىيەگە ئەۋەتمەكچى بولدۇم. بۇ كىشىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىكەنكى، مەن بولشېۋىك كوممۇنىست ۋەھشىيلىرىنىڭ قانلىق چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، خوشنا ئىلى ئۆلكىسىگە كېلىپ، قانخور دۈشمەنلەرنىڭ شۇم قولىدا قالغان قېرىنداش ئەل يۇرتۇم، سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىم ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرماقتا ئىدىم. بۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلۈكى، بۇلارنىڭ ھايات ئالمىدىن خەۋەرسىز قېلىشلىرى مېنى بەك ھەيرەتتە قالدۇرغان ئىدى. ئاز بولسىمۇ، ھەمدەرد، مەسلەكداش، ۋەتەنپەرۋەر دوستلىرىمدىن ئايرىلغان ئىدىم. بۇ يەرلىك قاتمال كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتسىزلىقى، ئاڭسىزلىقى، قالاقلىقى، ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەن قاچاقلارنىڭ كۆڭلىنىڭ قارىلىقى، كورلۇقى، ئۇلارنىڭ دۇنياپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىكلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمدە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھىممەت ئوتلىرى ئۆچۈشكە باشلىغان ئىدى. مانا شۇنداق ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئۇلۇغ كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئىدىم. ئۈزۈلگەن ئۈمىدىم قايتىدىن قوزغىلىشقا باشلىدى. بۇ كىشى بۇرۇندىن تارتىپ ئىنقىلابىي ئىشلارغا قاتنىشىپ، ئېغىر ـ يەڭگىل تەجرىبىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كۆزى ئوچۇق، كۆڭلى ئويغاق، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتسۆيەر بىر ئۇيغۇر ئوغلى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈم ئويلىغان يۇقىرىقى ئىش ئۈستىدە ئىككىمىز ئۇزۇن مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، بۇ كىشىنى خوجىنىياز ھاجىلارغا ئەۋەتمەكچى

بولغان ئىدىم. بىراق بۇ ئىشقا تەشكىلىي جەھەتتىن تەييارلىق كۆرمىگەنلىكتىن ئىقتىسادىمىز يېتىشمەي، بىزگە خېلى ئېغىرچىلىق كەلتۈردى. شۇنداق بولسىمۇ، بىر نەچچە دوست كىشىلىرىمىزدىن يوشۇرۇن ياردەم سوراپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا تىرىشتۇق. ئۈزاتماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، بەختىمىزگە قارشى بۇ كىشى بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، يولغا چىقالمىدى. بۇنىڭغا قارشى دورا ـ دەرمەك تەييارلاپ سەۋەبلىرىنى قىلغاندىن كېيىن، ئەتىسى سەپداشلار بىلەن بىرلىكتە ئۈزىتىپ قويدۇق. بىراق بەختكە قارشى كۈچلۈك ئىرادىلىك، قەھرىمان، دىندار، ۋەتەنپەرۋەر تىلەكدىشىمىز جىرجىس ھاجى يولغا چىقىپ، كېسىلى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ، مىڭ مۇشەققەت بىلەن مۇز داۋانىدىن ئۆتۈپ، مەرھۇم ياقۇپ بەگ ئاتالىقتىن قالغان، دۈشمەنگە قارشى توسقۇن قونالغۇسى قىلىنغان «قورغان» دېگەن يەرگە كەلگەندە ۋاپات بولدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ! مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، تەلەپ يولىدا جان قۇربان قىلىش ھايات تارىخى ئالدىدا ئۇلۇغ شەرەپكە ئىگە بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ».

بۇ يەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نازۇك نۇقتا ئەلىخان تۆرىنىڭ جىرجىس ھاجىنىڭ ئاقسۇ تەرەپكە يېتىپ بارماي تۇرۇپلا قازا قىلغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەنلىكىدۇر. ۋەھالەنكى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى «ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانىدا جىرجىس ھاجىنىڭ خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆچاردا ئۆتكۈزگەن تارىخىي سۆھبىتىنى تولىمۇ تەسىرلىك ۋە تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇنداقتا جىرجىس ھاجى بىلەن خوجىنىياز ھاجى راستىنلا ئۇچراشقانمۇ؟ ئەگەر راست ئۇچراشقان بولسا، جىرجىس ھاجىنىڭ خوجىنىياز ھاجىلار ۋە پۈتۈن مىللىي ئىنقىلابچىلارغا كۆرسەتكەن ئەڭ مۇھىم تەسىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟!

مەلۇمكى، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن كۈنى، خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېڭ شىسەي ئارىسىدا ما جۇڭيىڭغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈلگەنىدى. جىرجىس ھاجى ئىلى ۋادىسىدىن يولغا چىقىپ تەكرىتاغلىرىدىن ھالقىپ كۆچارغا كەلگىنىدە، ما جۇڭيىڭنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە دۇچ كەلگەن خوجىنىياز ھاجىلار ئاقسۇ تەرەپكە ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى. جىرجىس ھاجىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن تەسىرلەنگەن ۋە خېلىلا سەگەكلەشكەن خوجىنىياز ھاجى شۇ قېتىمقى تارىخىي ئۇچرىشىشتىن كېيىن، مىللىي ئىنقىلابنىڭ خاتا بېسىلغۇاتقان قەدەملىرىنى توغرىلاپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش يېكىرىگە مايىل بولۇشقا باشلىغان ۋە ئۆزى ئاقسۇدا تۇرۇپمۇ شۇ يىلى كۈزدە قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىس جۇمھۇرلۇق ئالىي مەنسىپىنى قوبۇل قىلىپ قەشقەرگە بارغان. خوجىنىياز ھاجىنىڭ 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 9 ـ ايغا قەدەر تۇتۇپ ماڭغان يولى بىلەن 1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1934 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە

تۇتۇپ ماڭغان يولىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن يۈز تۇرانە ئۇچراشقانلىقىنى توغرا قىياس قىلالايمىز. چۈنكى، ئەتراپى پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مەسلىچەتچى» سىياقىدىكى جاسۇسلىرى بىلەن قورشالغان خوجىنىياز ھاجىنىڭ بىردىنلا قەشقەردىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ جۇمھۇر رەئىسلىك مەنسىپىنى قوبۇل قىلىپ، كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىشىغا سەۋەبچى بولغان بىر نامزاتنى ئارىلاپ كۆرسەك، جىرجىس ھاجىدىن باشقا مۇۋاپىق نامزات تاپالمايمىز. ئەلىخان تۆرىنىڭ ئەسلىمىسىمۇ بۇ ھەقتە ئانچە ئىشەنچىلىك مەلۇمات بېرەلمىگەن بولۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلتىپاتى ئاستىدا ياشاۋېتىپ ئەسلىمە يازغان ئەلىخان تۆرىنىڭ جىرجىس ھاجىنىڭ خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە قايتىش يولىدا سۇيىقەست بىلەن قازا قىلغانلىقىنى ئوچۇق يېزىشى مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئانچە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ مەلۇماتلىرىنى توغرا مەلۇمات دەپ ئېيتالايمىز.

جىرجىس ھاجىغا كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ قېتىملىق تارىخىي ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، 1933 ـ يىلى سېنتەبىردە مۇزداۋان ئارقىلىق غۇلجىغا قايتىۋاتقاندا، بەدۆلەت ياقۇپبەگ دەۋرىدە ئىنشا قىلىنغان «قورغان» دېگەن ئۆتەڭدە سىرلىق ھالدا ۋاپات بولغان.

ئىلىدىن جەنۇبقا ئۆتىدىغان تەڭرى تېغىدىكى داڭلىق داۋانلارنىڭ بىرى مۇزداۋان بولۇپ، مۇزداۋان ئارقىلىق موڭغۇلكۈرەنىڭ شۇتا رايونىغا بارغىلى، ھەم ئۇ يەردىن بىۋاستە ئاقسۇ كونا شەھەرگە كەلگىلى بولىدۇ. مۇزداۋان گەرچە قىش-ياز ئۈستىدىن قار-مۇز كەتمەيدىغان تەڭرى تېغىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك داۋانلىرىنىڭ بىرسى بولسىمۇ، ئەمما شىمال بىلەن جەنۇبىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ قىسقا يول بولغانلىقى ئۈچۈن، كارۋانلارنىڭ دائىم قاتنايدىغان يوللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

مۇز داۋاننىڭ جەنۇبى، يەنى ئاقسۇ كونا شەھەرگە تەۋە قىسمىغا بىر ئۆتەڭ جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر تارىختىن بۇيان قورغان دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. قورغان ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا ھېچقانچە ئۇچۇر يوق. ئۇنىڭ قاچانلاردا، كىملەر تەرىپىدىن سېلىنغانلىقىمۇ مەلۇم ئەمەس. «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2016-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان ماموت قۇربانىنىڭ قەلىمىدىكى «مۇزداۋان يولىدىكى ئۆتەڭلەر» ناملىق ماقالىدا قورغان ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇرلارنى بەرگەن: «قورغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇزداۋان يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ. ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت بۇ يەرگە قەلئە سېپىلىنىڭ بىر تەرىپىنى دەرياغا، بىر تەرىپىنى تاغ چوققىسىغا سوزۇپ، جەنۇب-شىمال ئېغىزلىرىنى بېكىتىپ، بىر قورغان سالدۇرغان. بۇ قورغاندا بىر قاراۋۇلخانا بولغان. مەزكۇر قاراۋۇلخانىدا بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر تەكشۈرۈلەتتى. كېيىن بۇ يەرنىڭ نامى قورغان دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. بۇ قورغاننى ياقۇپ بەگ سالدۇرۇپ،

ئەسكەر توختۇتۇپ، قورال-ياراغ ئىسكىلاتى قىلغانىكەن.» يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قورغان ياقۇپ بەگ دەۋرىدە سېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كونكېرت يىلنامىسى ئېنىق ئەمەس. پەقەت بىز ياقۇپ بەگنىڭ ھاكىمىيەت تۇتقان يىلنامىسىغا ئاساسەن، بۇ قورغاننى 1867 ـ يىلىدىن 1877 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلالايمىز.

جىرجىس ھاجىنىڭ ۋاپاتىغا شاھىت بولغان قورغان ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت زامانىدا، يەنى جىرجىس ھاجىنىڭ ۋاپاتىدىن تۇپتوغرا 11 يىلدىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە سوپاخۇن سوۋۇرۇف باشچىلىقىدىكى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسىنىڭ مۇزداۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيەسى بىلەن بولغان كەسكىن جەڭلىرىگە سەھنە ۋە تايانچ جاي بولغان مۇھىم جاي بولۇپ، شۇ جەڭلەرگە قاتناشقان بىرقانچە شاھىتلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە تەپسىلىي تىلغا ئېلىنغان.

قورغان قەلئەسى ھازىرقى ئاقسۇ كونا شەھەرگە تەۋە بولۇپ، «ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيەسى» تەزكىرىسىدە مەزكۇر قورغان ھەققىدە تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بېرىلگەن: « قورغان قەلئەسى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيەسى بوزدۆڭ يېزىسىنىڭ 25 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1905 مېتىر كېلىدۇ. قورغان قەلئەسى شەرقتە مۇزات دەرياسى، غەربتە قۇرۇق دەريا ئېغىزغا تۇتىشىدۇ. بىر تەرىپى توسۇق، قالغان تەرەپلىرى ئۇچۇق. قورغان قەلئەسى تەرتىپسىزرەك 4 چاسا بولۇپ، كۆلىمى 18 مىڭ 400 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 3.5 مېتىردىن مېتىرغىچە كېلىدۇ. سېپىلنىڭ بۇلۇڭىدا كۆزىتىش راۋىقى بار. سېپىل ۋە كۆزىتىش راۋىقى تاش بىلەن سېرىق لايدىن قوپۇرۇلغان . سېپىلنىڭ غەربىي شىمالى بۇرجىكى غەربتىكى قىيا بىلەن ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر كېلىدىغان تاشتىن قوپۇرۇلغان تام ئارقىلىق تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ . بۇ تامنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ سەل شىمال تەرىپىدە تاشتىن 3 مېتىر ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان قاراۋۇلخانا بار.»

ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئەپەندى جىرجىس ھاجىنىڭ قولىدا بىۋاستە تەربىيىلەنگەن كىشى بولۇپ، ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا بىر مەزگىل ئەۋجى ئالغان ئۇيغۇر مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدىن ئۇنۇملۇك نەپ ئالالىغان تەلەيلىك ياشلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ كەلگەن مەشھۇر ئۇيغۇر مەرىپەتچىلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرىدىن مەسئۇد سابىرى بايقوزى ۋە جىرجىس ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ئاچقان پەننىي مەكتەپلىرىدە بىلىم ئېلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە مۇستاپا كامالنىڭ تۈرك مىللەتپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىلەن تونۇشقان ئىدى. ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى بولغان ئابدۇرەئۇپ مەخسۇمغا قاراپ باقساقلا،

ئۇنى يېتىشتۈرگەن جىرجىس ھاجىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك بىر نامسىز قەھرىمان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

گەرچە، ھازىرغىچە قولىمىزدا جىرجىس ھاجىنىڭ ئىلىدىكى قەلەم كۆرىشى ۋە مەرىپەت كۆرەشلىرى ھەققىدە يازمىچە ماتېرىياللار يوق بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن ئابدۇرەئۇف مەخسۇم ئىبراھىمى ۋە مۇھەممەتجان مەخسۇملارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا قاراپلا، جىرجىس ھاجىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن نەقەدەر بىباھا بىر كىشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. بىز جىرجىس ھاجىنىڭ ئەۋلادلىرى، شاگىرتلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە بارچە يۇرتداشلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن نامسىز قەھرىمان جىرجىس ھاجىنىڭ تولۇق ۋە تەپسىلي تەرجىمھالىنى يېڭىدىن يېزىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۆتمۈشتىكى ھالقىلىق پەيتلەردە بىزگە چىقىش يولى ئاچقانلارنىڭ ئىزلىرى غايىپ بولسا، بىزنىڭ كېلەچىكىمىزمۇ داۋاملىق قاراڭغۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ. چۈنكى، «ئۆتمۈشى نۇرانە بولمىغان جايدا پارلاق كەلگۈسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.» ھەر بىر يۇرتنىڭ ئۆتمۈشى پەقەت شۇ يۇرتتىن چىققان نوپۇزلۇق ۋە نامسىز قەھرىمانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن نۇرانە بولالايدۇ. ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىش نوقۇل ئۆتمۈشكە ۋە تارىخقا ئاسىيلىق قىلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسكە ۋە كېلەچەك نەسىللەرگە ئاسىيلىق قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2023 -يىلى 12– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 12 – ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

(2023-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن، 12-ئاينىڭ 31-كۈنىگىچە)

## ئامېرىكا ئەمەلدارى ھىندىستاننىڭ تالاش-تارتىشتىكى رايونىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ تومۇرىنى تۇتتى

«newsweek» تورىنىڭ 30-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئېرىك گارسېتتى ھىندىستاننىڭ ئارۇناچال پرادېش شتاتىنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، بۇ زىيارەت خىتاينىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىشى مۇمكىن.

باش ئەلچى گارسېتتىنىڭ ئارۇناچال پرادېشتىكى زىيارىتى ھىندىستانغا كۆرسەتكەن دىپلوماتىك يېقىنچىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خىتاينىڭ بۇ رايوندا كۈنسېرى خورىكى ئۆسىۋاتقان ۋەزىيەتكە قارىتا، ئامېرىكانىڭ بۇ يەردىكى مەۋجۇت تۈتۈمىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن ئىكەن.

خىتاي ئارۇناچال پرادېشنى «جەنۇبىي تىبەت» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قارىتا ئىگىلىك ھوقۇقى بارلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

باش ئەلچى گارسېتتىنىڭ ئارۇناچال پرادېشتىكى تۈنجى زىيارىتى ھىندىستان ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا كۆپ ھەمبەھىرلەنگەن.

خىتاي گارسېتتىنىڭ بۇ زىيارىتىگە تېخى رەسمىي ئىنكاس قايتۇرمىغان.

ئامېرىكا خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىندا خىتاي بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا توقۇنۇشىدا، ئامېرىكا خىتاينىڭ ئارۇناچال پرادېشتىكى تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇش ئۈچۈن، ھىندىستاننى ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلىگەن.

## شى جىنپىڭ شاڭخەينى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق چەتئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشقا ئۇرۇندى

«CNN» تورىنىڭ 30-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «شىنخۇا ئاگېنتلىقى»نىڭ رەسمىي خەۋىرىگە قارىغاندا، شى جىنپىڭ 28- ۋە 29-نويابىر شاڭخەيىنى زىيارەت قىلىپ، «جاڭجياڭ يۇقىرى تېخنىكا باغچىسى»دىكى تېخنىكا كۆرگەزمىسىنى ۋە ھۆكۈمەت ياردەم قىلغان ئىجارە ئۆيلەر مەھەللىسىنى زىيارەت قىلغان.

ئۇنىڭغا خىتاينىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى خې لىفېڭ ۋە باش مەسلىھەتچىسى سەي چى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەمراھ بولغان.

بۇ شى جىنپىڭنىڭ 2020-يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم شاڭخەيىنى زىيارەت قىلىشى بولۇپ، بۇ زىيارەت سودا ساھەسىدىكىلەرنىڭ خىتايغا بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلەۋاتقان ۋە چەتئەل شىركەتلىرى خىتايدىن چېكىنىۋاتقان پەيتكە توغرا كەلگەن. خىتاي ئىقتىسادى نەچچە ئون يىل تېز تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، نۆۋەتتە تۇرالغۇ كرىزىسى، ياشلار ئارىسىدىكى ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىشى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قەرزگە پېتىپ قېلىشى ۋە نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە قېرىلىششى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

خىتاينىڭ قاتتىق سودا كونترولى ۋە غەرب بىلەن بولغان زىددىيىتى چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى قاچۇرماقتا. چەتئەلنىڭ خىتاي سالغان بىۋاستە مەبلىغى 1998-يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم پاسسىپ سەۋىيەگە چۈشكەن.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى 30-نويابىردىكى باش ماقالىسىدە: «باش سېكرېتار شى جىنپىڭنىڭ شاڭخەيدىكى زىيارىتى ھالقىلىق پەيتتە مۇھىم سىگنال بەردى» دېگەن.

بۇ ماقالىدە يەنە: «پۇل مۇئامىلە ئەمەلىي ئىقتىسادقا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ پەن-تېخنىكا كۆرگەزمىسىدىكى زىيارىتى پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىكى «يادرولۇق ئورنى»نى گەۋدىلەندۈردى» دېيىلگەن.

## مالايسىيا ئۆز ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە خىتايدىن زور ئۈمىد كۈتمەكتە

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 1-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، مالايسىيا خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلغان بولۇپ، مالايسىيانىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شۇ كۈنى يەنە مالايسىيانىڭ ئىقتىسادىي ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى خىتايدىن كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ سانىنى بەش مىليونغا يەتكۈزۈشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

كېلەر يىلى، خىتاي بىلەن مالايسىيانىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا ئەللىك يىل بولىدۇ. مالايسىيا يېقىندا خىتاي ساياھەتچىلەرنىڭ مالايسىيادا ۋىزىسىز ھالدا ئوتتۇز كۈن ساياھەت قىلالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە تايلاندقا ئوخشاش يول تۇتقان.

ھۆكۈمەتنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 6-ئايغىچە، مالايسىيا 498 مىڭ 540 نەپەر خىتاي ساياھەتچىنى كۈتۈۋالغان بولۇپ، بۇ سان خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيەنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدىكەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، تايلاند بۇ يىل ئۆزى كۈتۈۋالغان خىتاي ساياھەتچى سانىنىڭ ئۈچ مىليون 400 مىڭدىن ئۈچ مىليون 500 مىڭغىچە بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مالايسىيانىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نورمان مۇھەممەد مالايسىيانىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتتە: «بىز ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرماقتىمىز» دېگەن، شۇنداقلا گەرچە بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ «يەتكىلى بولمايدىغان» نىشان ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «بىز خىتايدىن تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان بولغاچقا، ۋىزاسىز ساياھەت سىياسىتى خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مالايسىياغا كېلىپ پۇرسەت ئىزدىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.»

مالايسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ بۇ يىل ھۆكۈمەتنىڭ تۆت پىرسەنتلىك نىشانىغا يېتىشىدىن ئۈمىد بار بولۇپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ساياھەتچىلىك بۇنىڭغا راۋۇرۇس ھەسسە قوشقان.

نورماننىڭ بىلدۈرۈشىچە، مالايسىيانىڭ باش مىنىستىرى ئەنۋەر ئىبراھىم يەنە خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنى مالايسىيانى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان.

نورمان يەنە: «بىز شى جىنپىڭنىڭ مالايسىيانى زىيارەت قىلىشقا قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن.

## ئامېرىكا سەھىيە خادىملىرى خىتايدا يېڭى ۋىرۇس پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشقا ئېتىراز بىلدۈردى

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 1-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، يېقىندا خىتايدا كىچىك باللار ئارىسىدا ئۆپكە كېسىلى يامراۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئۈچۈن، شۇ

كۆنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ بىر تۈركۈم كېڭەش پالاتا ئەزالىرى جوۋ بايدىنىنى خىتاي ساياھەتچىلەرنىڭ ئامېرىكاغا كىرىشىنى چەكلەشكە چاقىرغان.

ھالبۇكى تەتقىقاتچىلار، شۇنداقلا خەلقئارالىق ۋە ئامېرىكادىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ھازىرچە يېڭى كېسەللىك قوزغاتقۇچ (pathogen ــ پاتوگېن) پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، خىتايدا ھازىرغا قەدەر ئۇتتۇرىغا چىققان ئىسپاتلار سوغۇق ھاۋارايى ۋە خىتاينىڭ تاجىسمان ۋىرۇس قامالىنى بىكار قىلىشىدىن كېلىپ چىققان تارقىلىشچان زۇكامغا ئوخشاش كونا يۇقۇملۇق كېسەللىك ئۇنسۇرىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئالدىنقى ھەپتە خىتاينىڭ يۇقۇم ئەھۋالى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى، جۈملىدىن يۇقۇملانغان بالىلارنىڭ تەجرىبىخانا نەتىجىسىنى ھەمبەھىرلىگەنلىكىنى، ھېچقانداق ئالاھىدە پاتوگېن تېپىلمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئامېرىكا «كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش مەركىزى»نىڭ مۇدىرى دوكتور ماندى كوخېنمۇ شۇ كۈنى بۇ خىل يەكۈننى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەمدە ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ خىتاي دائىرىلىرى، خىتايدىكى ئىلمىي مۇتەخەسسىسلەر ۋە سەھىيە خادىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ھەممىمىز يېڭى كېسەللىك قوزغاتقۇچى يوقلۇقى ھەققىدە ئورتاق يەكۈن چىقاردۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىنگەن ۋىرۇس ۋە باكتېرىيەنىڭ بالىلار ئارىسىدا كۆپىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، خالاس»

## ئامېرىكانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالى خىتاي بىلەن ھەربىي ئالاقىنى ئەسلى كەلتۈرۈشنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى

«ياپونىيە ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 3-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە كېڭىشىنىڭ رەئىسى گېنېرال مايور چارلىز بىروۋن ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئۆزئارىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولۇۋاتقان بۇ پەيتتە، ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ ھەربىي مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىنكاسىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

چارلىز بىروۋن كالىفورنىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «رېگان دۆلەت مۇداپىئە مۇنبىرى»دە مۇنداق دېگەن: «مەن ساقلاۋاتىمەن. مەيلى ئىتتىپاقداشلىرىمىز، شېرىكلىرىمىز ياكى رەقىبلىرىمىز بىلەن سۆھبەتلىشىش پۇرسىتى ئىنتايىن مۇھىم. رەقىبلىرىمىز بىلەن سۆھبەتلىشىش خاتا چوت سوقۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.»

ئالدىنقى ئايدىكى باشلىقلار يىغىنىدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدىن ۋە خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بۇلتۇر ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ شۇ چاغدىكى باشلىقى نەنسى پېلوسى تەيۋەننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن ئۈزۈلۈپ قالغان ھەربىي ئالماشتۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ۋەدىلەشكەنىدى.

برووۋن بۇ ئۈچرىشىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ خىتاي بىلەن ئالاقە لىنىيەسى ئورنىتىش خۇسۇسىدا خىتاي ماقامدىشى گېنېرال ليۇ جېنلىغا خەت يازغانلىقىنى، ئەمما تېخى ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

برووۋن يەنە ئامېرىكىنىڭ تور ئىقتىدارى ۋە سۈنئىي ئىدراك جەھەتتە خىتاينىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇنداق دېگەن: «مەن ئىستىخبارات خادىملىرىمىز تەمىنلىگەن مەلۇماتلارنى ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن، بىزنىڭ تور ساھەسىدىكىلا ئەمەس، بەلكى سۈنئىي ئىدراك ۋە باشقا تېخنىكىلاردىكى ئىقتىدارىمىزغىمۇ زور ئىشەنچ بىلەن قارايمەن.»

ئىران قوللىغان قوراللىق ئۇنسۇرلارنىڭ ئىراق ۋە سۇرىيەدىكى ئامېرىكا ئارمىيەسىگە قىلغان ھۇجۇمىغا قارىتا، ئامېرىكىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئىنكاس قايتۇرغان-قايتۇرمىغانلىقى توغرىسىدا سورالغاندا، برووۋن ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتە دىققىتىنى خاماسنىڭ ئىسرائىلىيەگە قىلغان ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

### ئوتيۈرەك ئۇيغۇر زىيالىيسى پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ۋاپات بولدى

ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى تۈركىيەدە ئوقۇش، تەتقىقات ۋە ئۇيغۇر داۋاسى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىپ كەلگەن تۆھپىكار ئۇيغۇر زىيالىيسى پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئەپەندى 2023-يىلى، 12-ئاينىڭ 8-كۈنى ئىستانبۇلدا ۋاپات بولدى.

پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى 1962-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قەشقەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1980-يىلى بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇپ، 1984-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. بېيجىڭدىكى ئىسلام جەمئىيىتىدە بىر نەچچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، 1987-يىلى رەپىقىسى بىلەن تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن. تۈركىيەدە كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، مۇستەقىل تەتقىقات ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

دوكتور پەرھات قۇربان تەگرىتاغلىنىڭ تۈركىيەدىكى ھاياتى خىتايغا قارشى كۈرەش قىلىش، تۈركىيەدە ئۇيغۇر داۋاسىنى يۈكسەلدۈرۈش، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدىغان كىتاب ۋە ماقالىلەرنى يېزىش بىلەن ئۆتكەن كۈرەشچان ھاياتتۇر. دوكتور پەرھات قۇربان يەنە تۈركىيەدىكى ھەر قايسى تېلۋىزور قاناللىرىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تۈركىيە خەلقىگە چۈشەندۈرگەن. شۇنداقلا، ئۆز نامىدا يۇتيۇب قانىلى ئېچىپ، قانىلىدا تۈرك تىلىدا خىتاينىڭ قارا نىيىتىنى ۋە رەزىل جىنايەتلىرىنى تۈركىيە خەلقىگە تونۇتۇشتا مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغان. ئۇ يۇتيۇب قانىلىنى ئۈچ يىل بۇرۇن ئاچقان بولۇپ، قانالدىكى جەمئىي 58 ۋىدىيونىڭ ئاساسى قىسمى خىتاينىڭ شۇم نىيەت ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقلىرىنى ئىلمىي ئۇسلۇبتا تۈركچە ئاڭلاتقان. دوكتور پەرھات قۇرباننىڭ يۇتيۇب قانىلىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ۋەتەن-خەلقكە نەقەدەر خالىسلىق بىلەن خىزمەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

پەرھات قۇربان بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، خىتاينىڭ شۇم نىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ تۈرك تىلىدا «خىتاي چۈشى» ، «خىتاينىڭ ‹بىر بەلۋاغ بىر يول› رېئاللىقى ۋە تۈرك دۇنياسى» ، «خىتايدىن ئاشكارىلانغان لاگېر ھۆججەتلىرى: قارىقاش تىزىملىكى» ، «خىتاينىڭ غەربىي رايون نەزەرىيەسى» ، «يېڭى خىتاي» قاتارلىق بەش پارچە كىتاب يازغان. دوكتور پەرھات قۇربان تەگرىتاغلى يۇقىرىقىدەك ئەھمىيەتلىك ۋە تەخىرسىز خىزمەتلىرى ئارقىلىق خىتاينىڭ كۆزىگە قادالغان مىخقا، ئۇيغۇر خەلقىنى يېتەكلەپ مېڭىۋاتقان ئوت يۈرەك جەڭچىگە ئايلانغان.

بىز دوكتور پەرھات قۇربان تەگرىتاغلىقىنىڭ ئاخىرەت ھاياتىغا ياخشىلىق، ئائىلىسىگە سەبىر، مىللىتىمىزگە رەزىل دۈشمىنىمىز خىتاي ئۈستىدىن غەلىبە نۇسرەت تىلەيمىز.

## خىتاي تالىبان ھاكىمىيىتى رەسمىي ئېتىراپ قىلىش خىيالى بارلىقىدىن شەپە بەردى

«ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 5-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، گەرچە خىتاي «تالىبان بېيجىڭنىڭ دىپلوماتىك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، سىياسىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈشى، بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى ياخشىلاپ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك» دەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي بىلەن ئافغانىستان يەنىلا ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىپ، دىپلوماتىك باردى-كەلدىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى تالىبان ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقى توغرىلىق سورىغاندا، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن مۇنداق دېگەن: «خىتاي ئەزەلدىن ئافغانىستان خەلقئارا جەمئىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلماسلىقى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بىز ئافغانىستاننىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۈمىدىگە تېخىمۇ

ئېچكىرىلەپ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى، ئوچۇق ۋە سىغدۇرۇشچان سىياسىي قۇرۇلما بەرپا قىلىپ، مۆتىدىل ۋە مۇقىم ئىچكى-تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. خىتاي ئافغانىستاننى ھەر خىل تېررورلۇق كۈچلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر، بولۇپمۇ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە بالدۇرراق سىڭىپ كىرىشكە ئۈندەيدۇ. ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە توغرىسىدا تېخىمۇ ئىجابىي ئىنكاسقا ئېرىشسە، ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىك ئېتىراپقا ئېرىشىشى تەبىئىي ئىشقا ئايلىنىدۇ.»

2021-يىلى 8-ئايدا تالىبان ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن بۇيان ھېچقانداق دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئافغانىستان بىلەن خىتاي خېلى قويۇق مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ كەلمەكتە.

## پارلامېنت ئەزالىرى خىتايغا تېخىمۇ قاتتىق تۇتۇم ئىزھار قىلىش توغرىسىدا بايدېن ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلدى

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 7-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ تېخنىكىلىرىغا ئېرىشىشىگە قويۇلغان چەكلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشتا بوشاڭلىق قىلغانلىقىنى تەنقىدلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئامېرىكانىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ۋە باشقا يېڭى تېخنىكىلىرىنىڭ خىتايغا ئېقىشىغا يول قويۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئاقىۋەتتە ھەربىي توقۇنۇشتا خىتايغا ياردەم بېرىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ 7-دېكابىر ئېلان قىلىنغان دوكلاتىدا، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلغار تېخنىكىلارنىڭ خىتايغا سېتىلىشىنى چەكلەيدىغان ئېكسپورت كونتروللۇقىنى لايىقىدا ئىجرا قىلمىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىلغار ئۆزەك ۋە ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى خىتايغا سېتىشقا بولغان چەكلىمىلەرنى تەدرىجىي كۈچەيتكەنىدى. ئامېرىكا يەنە خىتاي ئارمىيەسىگە ياكى روسىيەنىڭ ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن ياكى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئىشتىراك قىلغان دەپ ئەيىبلەنگەن خىتاي شىركەتلىرى ياكى تەشكىلاتلىرىغا چەكلىمە قويغانىدى.

ئەمما، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قائىدىلەرنى ئىجرا قىلىشقا يېتەرلىك كۈچمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئېكسپورت كونتروللىنى نازارەت قىلىدىغان «سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى»نى تەنقىدلىگەن. دوكلاتتا سودا مىنىستىرلىقىنىڭ سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئۆزى باشقۇرىدىغان تېخنىكا ساھەسىگە بەك يېقىن بولۇپ كەتكەن، دەپ ئەيىبلەنگەن.

دوكلاتتا يەنە مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن: ھۆكۈمەت ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ چەكلەنگەن مەھسۇلاتلارنى خىتايغا ئېكسپورت قىلىشىغا يول قويىدىغان بەك كۆپ ئالاھىدە ئىجازەتنامە تارقاتقان بولۇپ، بەزىدە دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئىستىخبارات تارماقلىرىدىكى خادىملارنىڭ نارازىلىقىغا قارىماستىن، يەنىلا مۇشۇ خىل ئالاھىدە ئىجازەتنامىلەر تارقىتىلغان.

سودا مىنىستىرلىقى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ باياناتچىسى ئۆز باياناتىدا بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر چەكلىمىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە ئويلىغانلىقىنى، شۇنداقلا خىتاينىڭ 300 دىن ئارتۇق كارخانا ۋە تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سودا چەكلىمىسى تىزىملىكىگە 1100 دىن ئارتۇق ئورۇننى قوشقانلىقىنى ئېيتقان.

## خىتاي رەھبەرلىرى تەيۋەن سايلىمىغا مۇداخىلە قىلىشنى مۇزاكىرە قىلدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 8-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، تەيۋەن ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى توپلىغان ئىستىخباراتلارغا كۆرە، خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا يىغىن چاقىرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەيۋەننىڭ پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان پرېزىدېنتلىق سايلىمىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشىنى «ماسلاشتۇرۇش» ھەققىدە مۇزاكىرىلەشكەن.

تەيۋەن ئەمەلدارلىرى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: خىتاي دائىرىلىرى 13-يانۋاردىكى پرېزىدېنتلىق ۋە پارلامېنت ئەزالىقى سايلىمىدا تەيۋەن پۇقرالىرىغا خىتاي بىلەن ئىخچام قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدىغان نامزاتلارنى قوللىغۇزۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

مۇخبىرلار بىلەن بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلغان بىر قانچە تەيۋەن بىخەتەرلىك خادىملىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بېيجىڭدىكى مەزكۇر يىغىنغا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تۆتىنچى نومۇرلۇق كاتىپبېشى، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ خۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلغان.

تەيۋەن ئىستىخبارات دائىرىلىرى توپلىغان ئىستىخباراتلارنى نەقىل قىلغان تەيۋەن بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرى بۇ يىغىنغا خىتاي تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ۋە تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتناشقانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما، بۇ ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن ئەمەلدارلار ۋەزىيەتنىڭ سەزگۈرلىكى سەۋەبىدىن ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان.

ئالدىنقى ئايدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن شى جىنپىڭدىن تەيۋەننىڭ سايلام تەرتىپلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

خىتاينىڭ تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى بۇ توغرىلىق ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىغان.

## فىلىپپىن بىلەن خىتاي جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى پاراخوت سوقۇلۇش ۋەقەسىدە بىر-بىرىنى ئەيىبلىدى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 10-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتى شۇ كۈندىكى باياناتىدا مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: فىلىپپىننىڭ ئىككى پاراخوتى قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇشقا پىسەنت قىلماي، «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، نەنشا ئارىلىدىكى رېنئەي خادا تاشلىرىغا قوشنا دېڭىز رايونىغا قانۇنسىز كىرگەن. «Unaizah Mae 1» ناملىق پاراخوت تۇيۇقسىز ۋە خەتەرلىك تەرزدە تۇيۇقسىز يۆنىلىش ئۆزگەرتكەن ھەمدە «21556» ناملىق خىتاي دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت پاراخوتىغا قەستەن سوقۇلغان.»

باياناتتا فىلىپپىننىڭ بۇنىڭغا تولۇق مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مەزكۇر ئەترەتنىڭ باياناتچىسى گەن يۇ يەنە فىلىپپىننى «ئىغۋاگەرچىلىك قىلمىشى»نى توختىتىشقا چاقىرغان ۋە خىتاينىڭ ئۆز دېڭىز تەۋەلىكىدە داۋاملىق «قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتى» ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فىلىپپىن دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتى خىتاينى فىلىپپىننىڭ تەمىنات پاراخوتى ۋە دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت پاراخوتىغا سۇ زەمبىرەكلىرىنى ئېتىپ، بىر پاراخوتنىڭ «موتورىنى ئېغىر دەرىجىدە كاردىن چىقارغان» دەپ ئەيىبلىگەن.

فىلىپپىن دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ باياناتچىسى جەي تارىلا ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسى X دا ئېلان قىلغان باياناتىدا مۇنداق دېگەن: « M / L Kalayaan» تىپلىق پاراخوتنىڭ موتورى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. خىتاي دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ يالغان ئۇچۇرلىرىنىڭ ئەكسىچە، «Unaizah Mae 1» ناملىق پاراخوت خىتاي دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ پاراخوتى تەرىپىدىن سوقۇلغان.»

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، تالاش-تارتىشتىكى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا، فىلىپپىن بىلەن خىتاي ئارىسىدا ۋەقەلەر ئۆكسۈمەي داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ھەر يىلى بۇ رايوندىن ئۆتىدىغان سودا سوممىسى ئۈچ تىرىليون دوللاردىن ئاشىدۇ.

خىتاي فىلىپپىن، ۋيېتنام، ھىندونېزىيە، مالايسىيا ۋە برۇنېي قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆز تېررىتورىيەسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان دېڭىز رايونىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئۆز تېررىتورىيەسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. گەرچە

2016-يىلى ھېيگدىكى خەلقئارا كېسىم سوتى خىتاينىڭ دەۋاسىنىڭ قانۇنىي ئاساسى يوق دەپ ھۆكۈم چىقارغان بولسىمۇ، خىتاي بۇ ھۆكۈمگە پەسەنت قىلماي، مەزكۇر رايوندىكى زوراۋانلىقىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

## خىتاينىڭ تەيۋەن سايلىمىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشى ئەندىشە قوزغىماقتا

«theconversation» تورىنىڭ 11-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، تەيۋەن كېلەر ئايدىكى پرېزىدېنتلىق ۋە پارلامېنت ئەزالىرى سايلىمىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان بۇ پەيتتە، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش تەبىئىي ھالدا بۇ پائالىيەتتىكى مۇھىم تېمىغا ئايلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاينىڭ ساختا ئۇچۇر تارقىتىش ئارقىلىق، بۇ سايلامغا ئۆزگە پايدىلىق تەرزدە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىمۇ تەيۋەن سىياسىي ساھەسىدە ئەندىشە قوزغىماقتا ئىكەن.

يېقىنقى بىر زىيارەتتە، بىر نەپەر پارلامېنت ئەزاسى 13-يانۋاردىكى سايلامغا ئەمەلىيەتتە دېموكراتىك تەرەققىيات پارتىيىسى، گومىنداڭ، تەيۋەن خەلق پارتىيىسى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىدىن ئىبارەت تۆت پارتىيەنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ نۆۋەتتە تەيۋەنگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ ۋەزنىنى يورۇتۇشقا تىرىشقان.

خىتاينىڭ ساختا ئۇچۇر تارقىتىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تەيۋەندىكى جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ تىك-توك ئارقىلىق ياشلارنى نىشانلاۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتلار كۆپەيمەكتە ئىكەن. تەيۋەندە خىتاينىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى تىك-توك دېتالىنىڭ ھۆكۈمەت تارقاتقان ئۈسكۈنىلەردە ئىشلىتىلىشى چەكلەنگەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، تەيۋەندىكى نۇرغۇن تاراتقۇلارنىڭ خىتاينىڭ كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، خىتاينىڭ تەيۋەندە ئۆزگە پايدىلىق جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرىغا سەل قاراشقا بولمايدىكەن.

## خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا-خىتاي تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولىغا تەييارلىق قىلماقتا

«lowyinstitute» تورىنىڭ 13-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ تۈركمەنىستان بىلەن چېگرا ھالقىغان تۇرۇبا يولى پروجېكتىنى باشلاش ئۇرۇنۇشى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادا، ھەم ئاۋستىرالىيەدە غۇلغۇلا قوزغىغان.

بۇلتۇر ئۆكتەبىردە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ خىتاي بىلەن تۈركمەنىستاننىڭ ئۇنىۋېرسال ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە چاقىرىق قىلغان ھەمدە «ئوتتۇرا ئاسىيا-خىتاي تۇرۇبا يولى»نىڭ ئاخىرقى بۆلىكىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى.

«ئوتتۇرا ئاسىيا-خىتاي تۇرۇبا يولى» تەبىئىي گاز تۇرۇبا لىنىيەسى بولۇپ، تەبىئىي گازنى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن (ئاساسلىقى تۈركمەنىستان، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن) خىتايغا توشۇيدۇ. 1833 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 55 مىليارد كۇب مېتىرلىق توشۇش ئىقتىدارىغا ئىگە مەزكۇر لىنىيە تۈركمەنىستاندىن باشلىنىپ ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندىن ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستانغا تۇتىشىدىغان ئۈچ بۆلەك (A، B ۋە C لىنىيەلىرى)دىن تەركىب تاپقان. مەزكۇر تۇرۇبا يولى بۇ يەردە خىتاينىڭ «غەربنىڭ گازىنى شەرققە توشۇش لىنىيەسى»گە تۇتىشىدۇ.

قۇرۇلۇۋاتقان تۆتىنچى تۇرۇبا يولى (D لىنىيىسى) تۈركمەنىستاندىن شەرقىي تۈركىستانغا سوزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزكۇر ئېنېرگىيە يەتكۈزۈش تورىنىڭ يىللىق توشۇش ئىقتىدارىنى 8 مىليارد 500 مىليون كۇب مېترغا يەتكۈزۈشى مۆلچەرلەنمەكتە.

نۆۋەتتە، ئاران 6 مىليون 500 مىڭ نوپۇسقا ئىگە تۈركمەنىستان خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ تەبىئىي گاز تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ، رۇسىيە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلتۇر خىتاي تۈركمەنىستاندىن تەخمىنەن 10 مىليارد 300 مىليون دوللار قىممىتىدىكى 3 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، رۇسىيەدىن بولسا تەخمىنەن تۆت مىليارد دوللار قىممىتىكى بىر مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىمپورت قىلغان. 2021-يىلى، تۈركمەنىستان ئۆز ئالدىغا خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىدىغان تەبىئىي گاز ئىمپورتىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇلتۇر خىتاي تۈركمەنىستاننىڭ ئومۇمىي تاشقى سودىسىنىڭ 65 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

ئەمما، شۇنداق تۇرۇقلۇق تۈركمەنىستاننىڭ ئىقتىسادى ھېلىھەم مۇشكۈلات ئىچىدە تۇرماقتا.

## ۋولكسۋاگېن شىركىتىنىڭ ئىشەنچسىزلىك دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشى غۇلغۇلا قوزغىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 14-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، كۆرسەتكۈچ تەمىنلىگۈچى مورگان ستەنلى شىركىتى (MSCI) ۋولكسۋاگېن شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرلەشمە زاۋۇتىدىكى ئەمگەك ھوقۇقىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قاراپ چىققاندىن كېيىن، شۇ كۈنى بۇ شىركەتنىڭ پېيىغا بېرىلگەن «قىزىل بايراق» باھاسىنى «ئاپېلسىن بايراق»قا ئۆزگەرتكەن. قىزىل بايراق دەرىجىسى بىر شىركەتنىڭ «ئىنتايىن ئېغىر» مۇھىت خاراكتېرلىك، ئىجتىمائىي ياكى باشقۇرۇش خاراكتېرلىك تالاش-تارتىشلارغا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ۋولكسۋاگېن شىركىتىنىڭ ئەڭ چوڭ يىگىرمە پايچىكىنىڭ بىرى بولغان «دېكا مەبلەغ سېلىش شىركىتى»نىڭ سىجىللىق ۋە شىركەت باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ مەسئۇلى ئىنگو سپېيچ ۋولكسۋاگېن شىركىتىنىڭ «شىركەت باشقۇرۇشتىكى يېتەرسىزلىكى» سەۋەبىدىن ھېلىھەم مەزكۇر فوندنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئانچە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ۋولكسۋاگېن شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق دەپ ئەيىبلەنگەنلىكى ئۈچۈن، مورگان ستەنلى شىركىتى 2022-يىلى 11-ئايدا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تۈرىدە مەزكۇر شىركەتكە «قىزىل بايراق» بەرگەن. نەتىجىدە، بىر قىسىم مەبلەغ سالغۇچىلار پايلىرىنى سېتىۋەتكەن ۋە ۋولكسۋاگېن شىركىتىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشقا چاقىرغان.

ئالدىنقى ھەپتە ۋولكسۋاگېن شىركىتى بايانات ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زاۋۇتىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنى ھاۋالە قىلغان باشقۇرۇش مەسلىھەتچىلىك شىركىتى «لۇئىنىڭ چەكلىك شىركىتى»نىڭ بۇ يەردە مەجبۇرىي ئەمگەك ئالامەتلىرىنى بايقىمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ھالبۇكى، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر مەزكۇر ئىقتىسادىي تەپتىش نەتىجىسىنىڭ چىنلىقىغا ئىنتايىن كۈچلۈك گۇمان بىلەن قاراۋاتقان بولۇپ، بۇ زاۋۇتنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكتىن خالىي بولۇشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

## شىمالىي خىتاي سوغۇق ئېقىمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 14-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، شۇ كۈنى خىتاينىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى قاتتىق سوغۇق ھاۋارايىغا دۇچ كېلىپ، پايتەخت بېيجىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم تاشيوللار تاقىلىپ، ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق ھاۋارايى تاشيول، تۆمۈر يول ۋە ئاۋىياتسىيە تورلىرىغا كاشىلا تۇغدۇرغان.

شۇ‌رغاندىن مەنبەلەنگەن سوغۇق ئېقىم خىتاينىڭ شىمالىدىكى بىر قانچە ئۆلكىسىدىن گۇيجۇ ئۆلكىسى قاتارلىق ئوتتۇرا ۋە جەنۇب رايونلىرىغا ھەمدە چاڭجياڭ دەرياسى دېلتىسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا كېڭەيگەن.

مېتېئورولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئالدىمىزدىكى ئىككى كۈندە، خىتاينىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلىرىدە تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدىكەن.

## ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتايغا قارشى قاتتىق تەدبىر قوللىنىشقا ئۈندەلدى

جورج ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلىيوت خەلقئارا ئىشلار ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپرانتى مەگىي بىلىپىك 14ـ دېكابىر «intpolicydigest» تورىدا «ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە خىتايغا بېسىم قىلالمىدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ئۆتكەن بەش يىلدا، شەرقىي تۈركىستاندا نۇرغۇن باللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر لاگېرلارغا قامالدى. لېكىن، ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قاراتقان سىياسىتى ھېلىھەم يېتەرلىك ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن مۇنۇ سوئال ھازىرمۇ كۆچكە ئىگە: ئامېرىكا بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تەدبىر قوللىنامدۇ، يوق؟

2020ـ يىلى يولغا قويۇلغان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى»دا خىتاي ئەمەلدارلىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ساقچىلار ۋە مەجبۇرىي ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار نىشانلانغانىدى. مەزكۇر قانۇن يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئامېرىكا تاموژنىسى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن 1 مىليارد 400 مىليون دوللار قىممىتىدىكى 4000 پاراخوتتىن ئارتۇق مالنى توستى. لېكىن، يېقىنقى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، پەسىللىك دېھقانچىلىق ئۈچۈن مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش يەنىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەسمىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا، بۇ رايوندىكى زۇلۇم داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە، ئامېرىكا چوقۇم ئۆزىنىڭ تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ئامېرىكا ئۆزىنىڭ جازا دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى شىركەتلەرنى ۋە خەلقئارالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنى جازا دائىرىسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. كۈچەيتىلگەن ۋە ئېنىق جازا تەدبىرلىرى كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋە ئېنېرگىيە ساھەسىنىڭ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا كىرىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ جازالارنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۈرۈش ۋە يېڭىلاش كېرەك.

گەرچە جازا تەدبىرلىرى كۈچلۈك سىياسىي تۈتۈم بولسىمۇ، ئەمما تەمىنلەش زەنجىرى مەسىلىسى سەۋەبىدىن شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا ۋە باشقا ماتېرىياللارنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا ئېقىشىنى پۈتۈنلەي توسۇپ قالالمىدى. بەزى ئەھۋاللاردا، مەۋجۇت جازا تەدبىرلىرى ھەتتا كۈتكەننىڭ ئەكسىچە ئۈنۈم بەردى. مەسىلەن، ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاندىكى پاختا مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا جازا يۈرگۈزگەندىن كېيىن، خىتاي بۇ يەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى مۇھىت ۋە ساغلاملىق خەۋپىگە دۇچار قىلىدىغان كۆپ كرېمنىيلىق پولىمېر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق باشقا ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلار زۇلۇمغا تولغان بۇ شارائىتتا داۋاملىق ئازاب-ئوقۇبەت چېكىۋاتىدۇ، ئامېرىكالىق كارخانىچىلار ۋە باي مەبلەغ سالغۇچىلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېنېرگىيە ساھەسىگە مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرماقتا.

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان مۇشۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خىتايغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق ۋە قاراتمىلىق جازا يۈرگۈزۈش، شۇنداقلا بۇ جازالارنى داۋاملىق نازارەت قىلىش ۋە قەرەللىك يېڭىلاش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ جەھەتتە «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى»نىڭ ئىجرائات ئەھۋالىنى ھەرىيلى تەكشۈرۈشنىڭ پايدىسى كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

## خىتاي «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نىڭ جازاسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نەيرەڭ ئىشلەتمەكتە

«فوربېس» تورىنىڭ 20-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان ئامېرىكا چېگراسىدا 5562 پاراخوت مال تۇتۇپ قېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە 2583 نىڭ ئامېرىكاغا كىرىشى رەت قىلىنغان بولۇپ، تۇتۇپ قېلىنغان مالنىڭ قىممىتى 500 مىليون دوللاردىن ئاشقان.

تۇتۇپ قېلىنغان ماللار تۆرلۈك ساھەلەرگە چېتىشلىق بولسىمۇ، ئەمما ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى، ياسىمچىلىق مەھسۇلاتلىرى، كىيىم-كېچەك، ئاياغ ۋە توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى تۇتۇپ قېلىنغان ماللارنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن.

ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، تۇتۇپ قېلىنغان بۇ ماللارنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەس، بەلكى مالايسىيا ۋە ۋېيتنامدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئىكەن. مالايسىيادىن كەلگەن تۇتۇپ قېلىنغان ماللار ئادەتتە شەرقىي تۈركىستاندا قېزىلغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن رودا بىلەن ياسالغان تاۋارلار ئىكەن. ۋېيتنام شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۆستۈرۈلگەن پاختىلاردىن ياكى شۇ پاختىلاردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن رەخت بىلەن كىيىم تىككەن بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىكەن.

مۇتەخەسسىسلەر بۇ خىل ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ ئومۇملىشى مۇمكىنلىكىنى، شۇڭا ئامېرىكا تاموژنا تارماقلىرىنىڭ ماللارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنى ئالاھىدە ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.

## خىتايدىكى رېكورت ياراتقان تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ سەۋەبى شىمالىي قۇتۇپتا بولۇشى مۇمكىن

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 20-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇقنىڭ خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قاپلاپ، پەسىل خاراكتېرلىك تۆۋەن تېمپېراتۇرا رېكورتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەب خىتاينىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ شىمالىي رايونلاردا بولۇشى، يەنى

بۇنىڭغا ئادەتتە شىمالىي قۇتۇپنىڭ سوغۇق ئېقىمىنى توسىدىغان تېز ھەرىكەتلىنىدىغان ھاۋا ئېقىمى تېمىنىڭ (wall of fast-moving air currents) ئاجىزلىشىشى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ختاي ھۆكۈمىتى ئەڭ كۈچلۈك شامال ئاگاھلاندۇرۇشى تارقاتقاندىن كېيىن، كۈچلۈك سوغۇق ئېقىم 12-ئاينىڭ 13-كۈنى شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق ختايغا كىرگەن ھەمدە تېز سۈرئەتتە شەرققە تارقىلىپ، ختاي پايتەختى بېيجىڭنى مۇز ۋە قار قاپلاپ كەتكەن. ئاندىن، مەزكۇر سوغۇق ئېقىم بىر نەچچە كۈن ئىچىدە چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گۇاڭدوڭغىچە بولغان جەنۇبتىكى تاغلىق رايونلاردا ئاز ئۇچرايدىغان تەرزدە قار يېغىشىغا سەۋەب بولغان.

گەرچە قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇشى ختايدا دائىمىي ھادىسە بولسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتىكى سوغۇق ئېقىمنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئىلگىرىكىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەن ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقى شىمالىي قۇتۇپ ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىدىغان ئايلانما سوغۇق ھاۋا بەلبېغىدا يوچۇق كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، شۇڭا شىمالىي قۇتۇپ ھاۋاسىنىڭ جەنۇبقا تېخىمۇ بەك سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىكەن.

## تەيۋەن پرېزدېنت نامزاتى «ختاينىڭ نەزىرىدە ھەممىمىز بۆلگۈنچى» دېدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 21-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، باشقا نامزاتلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جىددىي بىرلەشمە تېلېۋىزىيە نۇتقىدا، تەيۋەننىڭ كېلەر يىلى 1-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان پرېزدېنتلىق سايلىمىغا قاتنىشىدىغان لەي چىڭدې 20-دېكابىر تەيۋەن پرېزدېنت نامزاتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ختاينىڭ نەزىرىدە بۆلگۈنچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ختاي تەيۋەندە ھاكىمىيەت بېشىدىكى دېموكراتىك تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ (DPP) ھازىرقى مۇئاۋىن رەئىسى ۋە پرېزدېنت نامزاتى لەي چىڭدېنى «خەتەرلىك بۆلگۈنچى» دەپ ئەيىبلىگەن ھەمدە بۇ قېتىملىق سايلامنى «ئۇرۇش بىلەن تىنچلىق ئارىسىدىكى تاللاش» دەپ تەسۋىرلىگەن.

ئۈچ پرېزدېنت نامزاتىنىڭ نەق مەيدان تېلېۋىزىيە نۇتقىدا، لەي چىڭدې ختاينىڭ تەيۋەننى «يۇتۇۋېلىش» ئارزۇسىنىڭ ختاينىڭ دۆلەت سىياسىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ھەمدە باشقا ئىككى نامزاتقا ختابەن مۇنداق دېگەن: «تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ ختاي تەرىپىدىن بەلگىلىنىشىگە يول قويغۇدەك دەرىجىدە ئەخمەق بولماڭلار. ختاينىڭ نەزىرىدە، بۇ يەردە پرېزدېنتلىق سايلىمىغا قاتنىشىۋاتقان ئۈچىلىمىز تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللايمىز.»

راي سىناشتا لەي چىڭدېغا يېتىشىۋالغان خوۋ يۆيى لەي چىڭدېنى «جۇڭخۇا مىنگو» دېگەن نامدىن ۋاز كېچىپ، تەيۋەننىڭ رەسمىي مۇستەقىللىقىنى قوللايدۇ، دەپ ئەيىبلىگەن ھەمدە مۇنداق

دېگەن: «تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇرۇش بىزگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ. مەن <بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم> تەشەببۇسىغىمۇ، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىغىمۇ قارشى.»

## ئارگېنتىنا نارازىلىق ئەرزى سوتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش قىلمىشلىرى توغرىسىدا ئىسپات ئاڭلىدى

«theprint» تورىنىڭ 22-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئارگېنتىنانىڭ بۇئېنوس ئايرېس شەھىرىدىكى نارازىلىق ئەرزى سوتىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى باستۇرۇش ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتىگە چېتىشلىق ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى دېلوسىغا قاراپ چىقىلغان.

بۇ ئەرز «ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ئادۋوكاتلار بىرلەشمىسى»، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن سۇنۇلغان.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا، جۈملىدىن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا مۇناسىۋەتلىك دېلونىڭ تۇنجى قېتىم جىنايى ئىشلار سوتىدا قاراپ چىقىلىشى ئىكەن.

مەزكۇر ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى 2022-يىلى 8-ئاينىڭ 16-كۈنى بۇئېنوس ئايرېستا سۇنۇلغان جىنايى ئىشلار ئەرزىگە بىنائەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئارگېنتىنا ئاساسىي قانۇنىنىڭ 118-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى ماددىسىغا ئاساسەن، ئارگېنتىنادىكى ھەر قانداق سوتنىڭ خەلقئارا جىنايەتكە چېتىشلىق ئەرزلەر ھەققىدە ئىسپات ئاڭلىشىغا يول قويۇلىدىكەن.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسى X (يەنى ئىلگىرىكى تۋىتتېردا) مۇنداق دېگەن: «مەن 2023-يىلى 12-ئاينىڭ 21-كۈنى، ئارگېنتىنادىكى نارازىلىق ئەرزى سوتىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش دېلولىرى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى دېلوسىنىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا گۇۋاھلىق بەردىم.»

دولقۇن ئەيسا ئۆز باياناتىدا ئارگېنتىنانىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار سىياسىي توسالغۇدىن خالىي ھالدا مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە قارشى ئادالەت تەلەپ قىلالايدىغان ئۆزگىچە ئورنىنى تەكىتلىگەن.

ئۇ ئۆز باياناتىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان: «ئارگېنتىنادىكى خەلق ۋە ئەدلىيە تارماقلىرى <ئەمدى تەكرارلانمايدۇ> دېگەنىكەن، بىز ئۇلارغا ئىشىنىمىز. بىز ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئەرز سۇندۇق ۋە ئەرزىمىزنى ئارگېنتىنادا سۇندۇق.»

## ئامېرىكا بىلەن خىتاي يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى

«financial times» تورىنىڭ 24-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا بىلەن خىتاي 2022-يىلى تەيۋەن توغرىسىدىكى تالاش-تارتىش سەۋەبىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى 21-دېكابىر بېيجىڭدىكى مەنسەپدىشى بىلەن تۇنجى قېتىم سۆزلەشكەن.

بەشبۇرجەكلىك بىنا بۇ خەۋەرنى ئۆتكەن يىلى 10-ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئامېرىكا شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە كېڭىشىنىڭ رەئىسى گېنېرال بىروۋن ئۆز مەنسەپدىشى، يەنى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى لىيۇ جىنلى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن ئېلان قىلغان.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدىن بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئالدىنقى ئايدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ئالاقىنى قايتا باشلاشقا قوشۇلغان بولۇپ، بۇ ئالاقە 2022-يىلى 8-ئايدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەھبىرى نەنسى پېلوسى تەيۋەننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن توختاپ قالغانىدى.

بۇ ئالاقىنىڭ قايتىدىن باشلىنىشى ئامېرىكا بىلەن خىتاي يىرىكلەشكەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىماقچى بولۇۋاتقان ۋە ھەر ئىككى ھۆكۈمەت بىر قاتار كرىزىسلارغا دۇچ كەلگەن پەيتكە توغرا كەلگەن. نۆۋەتتە ئامېرىكا غەززە ۋە ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇشلار بىلەن ھەپىلەشسە، شى جىنپىڭ دۆلەت ئىچىدە چوڭقۇر ئىقتىسادىي چېكىنىشكە دۇچ كەلمەكتە.

بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ باياناتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بىروۋن «رىقابەتنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن باشقۇرۇش، خاتا ھۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلىنىش، شۇنداقلا ئوچۇق ۋە بىۋاستە ئالاقە لىنىيەسىنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش»نى تەكىتلىگەن. شۇنداقلا «ماھىيەتلىك دىيالوگ ئۇقۇشماسلىقنى ئازايتالايدۇ» دېگەن.

## خىتاي باشقا دۆلەتلەرنى ئاتالمىش تېررورلۇققا قارشى ھەمكارلىققا ئۈندىدى

«dailyexcelsior» تورىنىڭ 27-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ماۋ نىڭ بۇ ھەپتە ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا بالۇچىستان ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بىر قوماندانىنىڭ پاكىستان ئىستىخبارات ئورگىنى ISI غا تەسلىم بولغانلىقى توغرىسىدىكى سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «خىتاي تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەم قوللىنىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنى قوللاش ۋە

ئۇلاردىن پايدىلىنىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خەلقئارا ۋە رايون بىخەتەرلىكىنى خەۋپكە ئۇچراتقان ھالدا مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇشىنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى يوق. تېرروررىزم ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنىدۇر ... خىتاي بارلىق دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تېرورلۇققا قارشى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بارلىق شەكىلدىكى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.»

پاكىستاندا چىقىدىغان «سۇبھى گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بالۇچىستان ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تەسلىم بولغان قوماندانى سارفراز بۇنگولزاي ھىندىستاننى بۇ تەشكىلاتنى قوللىغان دەپ ئەيىبلىگەندىن باشقا، ئافغانىستاندىكى تالىبان ھۆكۈمىتىنىمۇ بۇ گۇرۇھنى قوللاش، ئۇلارغا پاناھلىق ۋە باشقا ياردەملەرنى بېرىش بىلەن ئەيىبلىگەن. شۇنداقلا، بالۇچىستان ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ رەھبىرى بەشىر زەبنىڭ ھازىر ئافغانىستاندا ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

بالۇچىستان ئازادلىق ئارمىيەسى خىتاينىڭ بالۇچىستانغا مەبلەغ سېلىشىغا قارشى تۇرىدۇ ھەمدە خىتاي بىلەن پاكىستاننى تەبىئىي بايلىقلىرى مول بولغان بالۇچىستاننى تالان-تاراج قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلەيدۇ.

## خىتاي ئامېرىكانىڭ كارون شىركىتىگە قۇرۇق شىلتىڭ ئاتتى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 27-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى باشقا شىركەتلەرنىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا رىئايە قىلىشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىگەن، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان كارون شىركىتىگە جازا يۈرگۈزىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 26-دېكابىر كارون ۋە ئۇنىڭ تەكشۈرۈش دىرېكتورىغا «ئامېرىكانىڭ شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنسىز جازاسى ئۈچۈن ئاتالمىش دەلىل-ئىسپاتلار» بىلەن تەمىنلىگەنلىكى سەۋەبلىك «قارشى تەدبىر» قوللىنىدىغانلىقى ھەققىدە پوپوزا قىلغان.

بۇنىڭغا قارىتا لوس ئانژېلېسقا جايلاشقان كارون شىركىتى ئۆزىنىڭ خىتايدا تىجارىتى يوقلۇقىنى، شۇڭا خىتاينىڭ بۇ قارارىنىڭ «سىمۋول خاراكتېرلىك» ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ تىجارىتىگە ياكى خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مەزكۇر شىركەت بۇ ھەقتىكى باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «ئىلغار خەۋپ باشقۇرۇش پروگراممىسىنى يولغا قويماقچى بولغان خېرىدارلىرىمىزغا ۋە يەرشارىدىكى بارلىق كارخانىلارغا مۇلازىمەت

قىلىش ئۈچۈن، شىركىتىمىز داۋاملىق ئوبيېكتىپ، مۇستەقىل ۋە ئېشەنچلىك مەنبەلەرنى ئاساس قىلغان تەتقىقات ۋە سانلىق مەلۇمات تەھلىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.»

خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، جازا يۈرگۈزۈلگەن كىشىلەرنىڭ خوڭكوڭ، ئاۋمېننى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاي تېررىتورىيەسىگە كىرىشى چەكلىنىدىكەن، كارون شىركىتىنىڭ خىتايدىكى مال-مۈلۈكلىرى توڭلىتىلىدىكەن.

كارون شىركىتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، باشقا شىركەتلەر «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا خىلاپلىق قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ شىركەتنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلىرىغا تايىنىدىكەن.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى ئاسسىملياتسىيە بەلگىلىمىسىنى يولغا قويىدى

«بلۇمبېرگ» تورىنىڭ 28-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندا ئوخشىمىغان مىللەتلەرنى ئۆزئارا ئارىلىششقا ئىلھاملاندۇرىدىغان تۈنجى قائىدە يولغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ («جۇڭخۇا مىللىتى»دىن ئىبارەت) ساختا مىللىي كىملىك شەكىللەندۈرۈش ئۈرۈنۈشىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن.

ئىلى قازاق ئاپتونوم رايونى 2024-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ تەدبىر قوللىنىپ، ئارىلاش تۇرالغۇ ئۆيلەرنى كۆپەيتىپ، «جۇڭخۇا مىللىتى» كىملىكىنى نامايەن قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ باغچا ۋە ئاممىۋى رايون بەرپا قىلىشقا كۈچەيدىكەن.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، مەزكۇر يېڭى قائىدە ئەمەلدارلارنى بۇ ھەقتىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىققا ئۈندەپ، ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردە جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالمىغان.

ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئارافات ئەركىننىڭ بىلدۈرۈشىچە، يېڭى بەلگىلىمە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدىكەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: 2016-يىلىدىن 2020-يىلىغىچە بولغان دەسلەپكى باسقۇچتا، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا «تېخىمۇ ئاشقۇن، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ۋە قانۇنىي تەرتىپتىن ھالقىغان» ئىدى. خىتاي ئىلگىرى يەرلىك خەلق بىلەن كۆچمەن مۇستەملىكىچىلەر ئارىسىدىكى ئاتالمىش مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە شاپاشلىغان بولسا، ئەمدى مەجبۇرىي ئاسسىملياتسىيە باسقۇچىغا ئۆتكەن.

## ئۇيغۇرلارنىڭ گېن سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئاساس قىلغان ئىلمىي ماقالە ئەخلاق مەسىلىسى سەۋەبىدىن قايتۇرۇۋېلىندى

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 29-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرسىيەت سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئاساس قىلغان بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاكادېمىك نەشرىياتچىلار ئۆزلىرى ئېلان قىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن ئەندىشىلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇ يىل 6-ئايدا، گوللاندىيەدىكى «Elsevier» دېگەن ئىلمىي ئەسەرلەر نەشرىياتى 2019-يىلى نەشر قىلىنغان «ئېنىق كىملىك ئەجدادلار تاختىسى (Precision ID Ancestry Panel) ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋە قازاق نوپۇسىنى تەھلىل قىلىش» ناملىق ماقالىنى قايتۇرۇۋالغان.

بۇ تەتقىقات خىتاي ۋە دانىيە تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدىكى 203 نەپەر ئۇيغۇر ۋە قازاقنىڭ قان ۋە شۆلگەي ئەۋرىشكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكادىكى «تېرمو فىشېر بىيوتېخنىكا شىركىتى» تەتقىق قىلىپ چىققان گېن تەرتىپلەش تېخنىكىسىنى سىناق قىلغان. ئاپتورلار مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئىزاھلاپ، DNA نى تېخىمۇ ياخشى تەرتىپلەشنىڭ ساقچىلارنىڭ دېلوغا چېتىشلىق گۇماندارلارنى ئېنىقلىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «گېن ئۆزگىرىشىنى ئېنىق چۈشىنىش شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە نوپۇس تارىخىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ... بۇ ساقچىلارنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن.»

قايتۇرۇۋېلىش ئۇقتۇرۇشىدا بۇ ماقالىنىڭ ئۇنى ئېلان قىلغان «خەلقئارا قانۇن دوختۇرلۇقى ئىلمى ژۇرنىلى: ئىرسىيەتشۇناسلىق»نىڭ تەلىپىگە بىنائەن قايتۇرۇۋېلىنغانلىقى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، گېن ئەۋرىشكىسىنى يىغىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقىي تەستىقنىڭ ئېلىنمىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

## خىتاي تەيۋەن پرېزىدېنتلىق نامزاتى لەي چىڭدېنى يەنە ئەيىبلىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 31-دېكابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتى تەيۋەننىڭ بۇ قېتىملىق پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا يېڭىپ چىقىش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى دەپ قارىلىۋاتقان لەي چىڭدېنى «ئىغۋاگەر» ۋە «تىنچلىق بۇزغۇچى» دەپ ئەيىبلىگەن.

لەي چىڭدې پرېزىدېنتلىق سايلىمى مۇنازىرىسىدە «تەيۋەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقى ئۆز خەلقىگە تەۋە» دېگەنىدى.

خىتاينىڭ ئاتالمىش «تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى» 30-دېكابىر كەچتە ئۆتكۈزۈلگەن نەق مەيدان تېلېۋىزىيە پروگراممىسىدا لەي چىڭدېنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، لەي چىڭدې ئۆزىنىڭ «جاھىل

تەيۋەن مۇستەقىللىقى تەرغىباتچىسى ۋە تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغۇچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى» دېگەن. باياناتچى چېن بىنخۇا يەنە «ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىغۋارگەرچىلىككە تولغان» دېگەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى


مايك ۋالتس
ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا قۇرۇلتىيىدىكى ئاۋازى، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ھەققىدە بايانات ئېلان قىلغان ھۆرمەتلىك مايك ۋالتس ئەپەندىم

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



مەيلى يامان، ئەسكىمۇ بول، ئەمما، ئەڭ بولمىغاندا يالغانچى، ئالدامچى بولما.  -لېۋ تولستوي